
نەسىبە بىنتى مەھمۇد قاسىم

# مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ تەرجىمىھالى ھەققىدە

## 250 سوئال-جاۋاب

Haksever İslam Araştırma Merkezi
ھەقسۆيەر ئىسلام تەتقىقات مەركىزى

نەسىبە بىنتى مەھمۇد قاسىم
250 سوئال-جاۋاب
ھەقسۆيەر ئىسلام تەتقىقات مەركىزى





ھەقسىز تارقىتىلىدۇ

بسم الله الرحمن الرحيم

HAK
HAKSEVER
هەقسەوەر

Peygamberimizin hayatı hakkında
250 soru-cevap

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ تەرجىمىھالى ھەققىدە
250 سوئال-جاۋاب

نەشرگە تەييارلىغۇچى

**Haksever İslam Araştırma Merkezi**
**ھەقسۆيەر ئىسلام تەتقىقات مەركىزى**


| Editör | تەھرىر |
|---|---|
| **Habibullah KURBANİ** | **ھەبىبۇللاھ مەتقۇربان** |
| Çevreyen | تەرجىمە قىلغۇچى |
| **Muhammed BİŞARET** | **مۇھەممەد ئەمىن بىشارەت** |
| Kapak & Sayfa Tasarim | بەت ۋە مۇقاۋا لايىھەلىگۈچى |
| **Ziya KAŞGARİ** | **زىيا قەشقەرى** |
| Yayinci | نەشر قىلغۇچى ئورۇن |
| **Haksever İslam Araştırma Merkezi** | **ھەقسۆيەر ئىسلام تەتقىقات مەركىزى** |

ISBN: 978-605-72284-0-6

yayın adresi:
Maltepe mah. Davutpaşa cad. Güven iş merkezi c blok no:83/3 iç kapi no:264 zeytinburnu / istanbul

2023-يىلى 1-ئاي



مەزكۇر ئەسەرنىڭ بارلىق ھوقۇقى ھەقسۆيەر ئىسلام تەتقىقات مەركىزىگە تەۋە. ھېچقانداق ئورۇن ياكى شەخسنىڭ ھەقسۆيەر ئىسلام تەتقىقات مەركىزىنىڭ رۇخسىتىنى ئالماستىن بېسىپ تارقىتىشىغا يول قويۇلمايدۇ.



ئالاقىلىشىش ئادرېسى: Haksever090@gmail.com

# مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ

# تەرجىمىھالى ھەققىدە

# 250

# سوئال-جاۋاب

تەرجىمە قىلغۇچى:

**مۇھەممەد ئەمىن بىشارەت**

# تەرجىماندىن

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن.

پۈتكۈل جاھانغا رەھمەت، بارلىق ئىنسۇ-جىنلارنىڭ پەيغەمبىرى مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئىنسانىيەتنىڭ مەڭگۈلۈك ئۈلگىسىدۇر. ئاللاھ تائالا ئۇنى ئىش ـ ھەرىكەت، گەپ ـ سۆز، يۈرۈش ـ تۇرۇش، ئەدەپ – ئەخلاق ۋە مىجەز ـ خۇلق قاتارلىق ساھەلەردە پۈتۈن ئىنسانىيەتكە نەمۇنە بولۇش ئۈچۈن ئەۋەتكەن. شۇ ۋەجىدىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تەرجىمىھالىنى ئۆگىنىش ۋە ئۆزئارا مۇزاكىرىلىشىش سەلەپ ـ سالىھلارنىڭ تۇرمۇشىنىڭ بىر قىسمىغا ئايلانغان ئىدى. ئۇلار ئۇنىڭ تەرجىمىھالىنى ئۆگىنىشنى بىر ـ بىرىگە تەۋسىيە قىلىشاتتى، ئەۋلادلىرىغا ئۆگىتىشەتتى. ھازىرمۇ مۇھاجىرەتتىكى ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرىنىڭ بولۇپمۇ ياش ـ ئۆسمۈرلەرنىڭ پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىش ـ ئىزلىرىنى ئۆگىنىش ئارقىلىق ئۇنىڭ بىلەن ئەتراپلىق تونۇشۇپ چىقىپ، ھەممە ئىشلىرىدا ئۆرنەك قىلىشى ۋە

شۇ ئارقىلىق ھىدايەت تېپىشى ئىنتايىن مۇھىم.

ئۆگىنىش مېتودلىرى ئىچىدە «سوئال - جاۋاب مېتودى» مەلۇماتلارنى ئەستە ساقلاشتا ئەڭ ئۈنۈملۈك ۋە جەلپ قىلارلىق ئۇسۇللارنىڭ بىرى. شۇ ۋەجىدىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاياتىدىكى مۇھىم مەلۇماتلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، سوئال - جاۋاب ئۇسلۇبىدا يېزىلغان ئەرەبچە كىتابلار ئارىسىدىن نەسىبە مەھمۇد تالىبنىڭ **«250 سؤال وجواب في السيرة النبوية الشريفة»** ناملىق كىتابىنى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىپ، قېرىنداشلىرىمىزنىڭ ھۇزۇرىغا سۇندۇم.

ئاخىرىدا جانابى ئاللاھتىن بۇ كىتابنى ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرىغا مەنپەئەتلىك قىلىشىنى تىلەيمەن.

مۇھەممەد ئەمىن بېشارەت

# مۇقەددىمە

جىمى ھەمدۇسانا ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى جانابى ئاللاھ تائالاغا خاستۇر. ئۇ پەيغەمبىرى مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى ھىدايەت ۋە ھەق دىن بىلەن ئەۋەتىپ، بارلىق باتىل دىنلاردىن غالىب قىلدى. ئۇنى ئۈممىتىگە گۇۋاھچى، جەننەت بىلەن بېشارەت بەرگۈچى، دوزاختىن ئاگاھلاندۇرغۇچى، ئىنسانلارنى ئۆز يولىغا دەۋەت قىلغۇچى ۋە نۇرلۇق چىراغ قىلدى. ئۇنى ئاللاھقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە جەزمەن ئىشىنىدىغان، ئاللاھنى ھەر زامان ئۇنتۇمىغان كىشىلەرنىڭ ئەڭ ياخشى ئۈلگىسى قىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىش - ئىزلىرى بارلىق ئىنسان ۋە جىنلارنى جاھالەت زۇلمەتلىرىدىن ھىدايەت نۇرىغا چىقىرىشتا، بەندىلەرگە قۇل بولۇشتىن ۋە بۇتلارغا چوقۇنۇشتىن ئاسمان - زېمىنلارنىڭ ياراتقۇچىسى يېگانە ئاللاھنىڭ ئىبادىتىگە يۈزلەندۈرۈشتە تۈرتكىلىك رول ئوينايدۇ.

ھەمشىرىمىز نەسىبە مەھمۇد تالىب پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇبارەك ئىش - ئىزلىرىنى سوئال

-جاۋاب شەكلىدە ياخشى بىر كىتاب قىلىپ چىقىپتۇ. ئاللاھ ئۇنىڭغا كاتتا ئەجىر ۋە مۇكاپات ئاتا قىلسۇن. سوئال - جاۋاب مېتودى ھەقىقەتەن پايدىلىق ۋە جەلىپ قىلارلىق مېتود بولۇپ، بۇ ئارقىلىق پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆلگىلىك ئىش - ئىزلىرى ياش - ئۆسمۈرلەرنىڭ زېھنىدە مۇستەھكەم ئورنايدۇ، ئەقىللىرى نۇرلىنىدۇ. بۇ ئارقىلىق ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاياتىنى ئۆزلىرىنىڭ ئەمەلىي ئىش - ھەرىكەتلىرىدە، يۈرۈش - تۇرۇشلىرىدا، گەپ - سۆزلىرىدە، ئەدەپ - ئەخلاقلىرىدا ھەر دائىم ئۆلگە قىلالايدۇ. ئەمەلىيەتتىمۇ ئاللاھ تائالا بىزنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ۋە ئۇنىڭ ھاياتىنى ئۆلگە ۋە نەمۇنە قىلىشقا بۇيرۇپ، ئەھزاب سۈرىسىنىڭ 21 - ئايىتىدە مۇنداق دەيدۇ: (سىلەرگە، ئاللاھنى، ئاخىرەت كۈنىنى ئۈمىد قىلغان ۋە ئاللاھنى كۆپ ياد ئەتكەنلەرگە رەسۇلۇللاھ ئەلۋەتتە ياخشى ئۆلگىدۇر).

جانابى ئاللاھتىن بۇ كىتابنى مەنپەئەتلىك قىلىپ بېرىشىنى، بۇ كىتاب ئارقىلىق ئەۋلادلىرىمىزنىڭ ساغلام قەلب، پاك تەبىئەت ۋە گۈزەل ئەخلاققا ئىگە بولۇشىنى تىلەيمىز. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئۆگىنىش ئۆلگىسى قىلىپ، ئۇنىڭدىن ئىمان، جاسارەت، ھىممەت ۋە ئىرادە

ئېنېرگىيەسى قوبۇل قىلىشىنى؛ ئۇنىڭ ھاياتىدىن تەجرىبە - ساۋاقلارنى يەكۈنلەپ، ھايات مۇساپىسىدە ئۆزلىرىگە ماياك قىلىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

پەرۋەردىگارىمىز بۇ ئەرزىمەس خىزمىتىمىزنى قوبۇل قىلغىن، سەن ھەقىقەتەن دۇئايىمىزنى ئاڭلاپ تۇرغۇچىسەن، نىيىتىمىزنى بىلىپ تۇرغۇچىسەن. جىمى ھەمدۇسانا پەقەت ساڭىلا خاستۇر.

دەمەشق نەشرىياتى

HAKSEVER
ھەقسۆيەر

# مەككە دەۋرى

HAKSEVER
ھەقسۆيەر

**1.سوئال:** پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ دادىسىنىڭ ئىسمى نېمە؟ ئانىسىنىڭ ئىسمىچۇ؟

**جاۋاب:** دادىسىنىڭ ئىسمى ئابدۇللاھ، ئانىسىنىڭ ئىسمى ئامىنە.

**2.سوئال:** پەيغەمبىرىمىز دادىسىدىن قانچە ياشتا قالغان؟ دادىسى نەدە ۋاپات بولغان؟

**جاۋاب:** پەيغەمبىرىمىز دادىسى ۋاپات بولغاندا، ئانىسىنىڭ قورسىقىدا ئىككى ئايلىق ھامىلە ئىدى. دادىسى مەدىنە مۇنەۋۋەرەدە ۋاپات بولغان.

**3.سوئال:** پەيغەمبىرىمىز مىلادىيە قانچىنچى يىلى تۇغۇلغان؟

**جاۋاب:** مىلادىيە 570 - يىلى تۇغۇلغان.

**4.سوئال:** پەيغەمبىرىمىز تۇغۇلغان يىل تارىختا نېمە دەپ ئاتالغان؟

**جاۋاب:** «پىل يىلى» دەپ ئاتالغان.

**5.سوئال:** پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تۇغۇلغاندا، ئانىسى ئامىنە قانداق ئاجايىپ ئىشنى كۆرگەن؟

**جاۋاب:** پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تۇغۇلغاندا، ئامىنەدىن بىر نۇر چىققان بولۇپ، بۇنىڭ بىلەن شام ئوردىلىرى يورۇپ كەتكەن.

**6.سوئال:** پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تۇغۇت ئانىسى كىم؟

**جاۋاب:** ئابدۇراھمان ئىبنى ئەۋفنىڭ ئانىسى شىفا.

**7.سوئال:** پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئانىسىدىن كېيىن كىم ئېمىتكەن؟

**جاۋاب:** ئەبۇ لەھەبنىڭ دىدىكى سۇۋەيبە ئېمىتكە ن .

**8.سوئال:** پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىسمىنى «مۇھەممەد» قويغان كىشىنىڭ ئىسمى نېمە؟

**جاۋاب:** ئابدۇلمۇتتەلىب.

**9.سوئال:** پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامنىڭ ئىنىكئانىسىنىڭ ئىسمى نېمە؟

**جاۋاب:** ھەلىمە سەئدىيىە.

**10.سوئال:** پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام ھەلىمەنىڭ يېنىدا قانچە يىل تۇرغان؟

**جاۋاب:** بەش يىل تۇرغان.

**11.سوئال:** پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام ھەلىمەنىڭ ئائىلىسىدە تۇرۇۋاتقاندا يۈز بەرگەن غەلىتە ھادىسە قايسى؟

**جاۋاب:** كۆكرىكىنىڭ يېرىلىشى ۋە قەلبىدىن شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىسىنىڭ ئېلىپ تاشلىنىشى.

**12.سوئال:** پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام ئانىسى ۋاپات بولغاندا قانچە ياشتا ئىدى؟ ئانىسى قەيەردە ۋاپات بولغان؟

**جاۋاب:** ئالتە ياشتا ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامنىڭ ئانىسى مەككە بىلەن مەدىنىنىڭ ئارىسىدىكى «ئەبۋائ» دېگەن جايدا ۋاپات بولغان.

**13.سوئال:** پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئانىسى ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئۇنى كىم باققان؟

**جاۋاب:** بوۋىسى ئابدۇلمۇتتەلىب باققان.

**14.سوئال:** پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بوۋىسى ۋاپات بولغاندا قانچە ياشتا ئىدى؟

**جاۋاب:** سەككىز ياشتا ئىدى.

**15.سوئال:** پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى بوۋىسى ۋاپات بولغاندىن كېيىن كىم ھىمايىسىگە ئالغان؟

**جاۋاب:** تاغىسى ئەبۇ تالىب.

**16.سوئال:** پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام باشقا پەيغەمبەرلەرگە ئوخشاش كىچىك ۋاقتىدا قىلغان ئىش قايسى؟

**جاۋاب:** قوي بېقىش.

**17.سوئال:** پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تۇنجى قېتىم تىجارەت سەپىرىگە چىققاندا قانچە ياشتا ئىدى؟ قەيەرگە سەپەر قىلغان؟

**جاۋاب:** 12 ياشتا ئىدى. شامغا سەپەر قىلغان.

**18.سوئال:** پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام شۇ قېتىمقى سەپىردە ئۇچراشقان ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا پەيغەمبەر بولىدىغانلىقىنى ئېيتقان راھىبنىڭ ئىسمى نىمە؟

**جاۋاب:** بەھىرا راھىب.

**19.سوئال:** بەھىرا راھىب مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ كەلگۈسىدىكى پەيغەمبەرلىكىنى نېمىگە ئاساسەن جەزملەشتۈرگەن؟

**جاۋاب:** ئۇچىسىدىكى «پەيغەمبەرلىك مۆھۈرى»گە قاراپ جەزملەشتۈرگەن.

**20.سوئال:** پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قاتناشقان تۇنجى جەڭ قايسى؟

**جاۋاب:** قۇرەيش ۋە قەيس ئەيلان قەبىلىلىرى ئارىسىدا يۈز بەرگەن فىجار ئۇرۇشى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ئۇرۇشقا قاتناشقاندا، ئەمدىلا 15 ياشتا ئىدى.

**21.سوئال:** پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قاتناشقان تۇنجى ئۇيۇشما قايسى؟ نېمە مەقسەتتە قۇرۇلغان؟

**جاۋاب:** پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قاتناشقان تۇنجى ئۇيۇشما «خەيرىيەت ئۇيۇشمىسى»دۇر. ئۇنىڭ قۇرۇلۇشىدىكى ئاساسىي مەقسەت مەككىدە زۇلۇمغا ئۇچرىغانلارغا ياردەم بېرىش ئىدى.

**22.سوئال:** پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا مەككىدە نېمە دەپ لەقەم قويۇلغان؟

**جاۋاب:** «راستچىل، ئىشەنچلىك» دەپ لەقەم قويۇلغان.

**23.سوئال:** خەدىچە رەزىيەللاھۇ ئەنھا نېمىشقا شامغا بارىدىغان تىجارەت كارۋىنىغا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېتىلىشىنى خالىغان؟

**جاۋاب:** چۈنكى، خەدىچە رەزىيەللاھۇ ئەنھا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ راستچىل، ئىشەنچلىك ۋە گۈزەل ئەخلاقلىق ئىكەنلىكىنى ئاڭلىغان.

**24.سوئال:** شام سەپىرىدە خەدىچە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ كارۋىنىغا قېتىلغان خىزمەتكارىنىڭ ئىسمى نىمە؟

**جاۋاب:** مەيسەرە.

**25.سوئال:** پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا خەدىچەنى نىكاھىغا ئېلىش تەكلىپى بەرگەن خەدىچەنىڭ دوستىنىڭ ئىسمى نىمە؟

**جاۋاب:** نەفىسە.

**26.سوئال:** خەدىچەنىڭ تويلۇقى قانچىلىك بولغان؟

**جاۋاب:** 20 تۇياق تۆگە.

**27.سوئال:** پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام خەدىچە بىلەن ئۆيلەنگەن چاغدا قانچە ياشتا ئىدى؟ خەدىچە رەزىيەللاھۇ ئەنھاچۇ؟

**جاۋاب:** پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام 25 ياشتا، خەدىچە رەزىيەللاھۇ ئەنھا 40 ياشتا ئىدى.

**28.سوئال:** خەدىچە رەزىيەللاھۇ ئەنھا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن قانچە پەرزەنتلىك بولغان؟

**جاۋاب:** ئالتە پەرزەنتلىك بولغان، ئىككىسى ئوغۇل، تۆتى قىز. ئوغۇللىرىنىڭ ئىسىملىرى: ئابدۇللاھ، قاسىم. قىزلىرىنىڭ ئىسىملىرى: زەينەب، ئۇممۇ كۇلسۇم، رۇقىيە، پاتىمە.

**29.سوئال:** مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا پەيغەمبەرلىكنىڭ ئالدىدا بىرىلگەن بەزى بىشارەتلەرنى دەپ بېقىڭ؟

**جاۋاب:** بۇلۇتنىڭ ئۇنىڭغا ئەگىشىپ سايە تاشلاپ تۇرۇشى، دەرەخ ۋە تاشلارنىڭ سالام قىلىشى.

**30.سوئال:** مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكى باشلانغانلىقىنىڭ ئالدىنقى ئالامەتلىرى قايسى؟

**جاۋاب:** ئېنىق ۋە ھەقىقىي چۈش.

**31.سوئال:** پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋەھيى كېلىشتىن ئىلگىرى ئىستىقامەت قىلغان غارنىڭ ئىسمى نېمە؟ قەيەرگە جايلاشقان؟

**جاۋاب:** ھىرا غارى، نۇر تېغىغا جايلاشقان.

**32.سوئال:** پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا تۇنجى قېتىم ۋەھيى نازىل بولغاندا قەيەردە ئىدى؟

**جاۋاب:** ھىرا غارىدا ئىستىقامەت قىلىۋاتاتتى.

**33.سوئال:** تۇنجى قېتىم ۋەھيى نازىل بولغاندا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قانچە ياشتا ئىدى؟

**جاۋاب:** 40 ياشتا ئىدى.

**34.سوئال:** پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا تۇنجى نازىل بولغان ئايەتلەر قايسى؟

**جاۋاب:** تۇنجى نازىل بولغان ئايەتلەر ئەلەق سۈرىسىنىڭ دەسلەپكى مۇنۇ بەش ئايىتىدۇر: (ياراتقان پەرۋەردىگارىڭنىڭ ئىسمى بىلەن ئوقۇغىن، ئۇ ئىنسانني لەختە قاندىن ياراتتى. ئوقۇغىن، پەرۋەردىگارىڭ ئەڭ كەرەملىكتۇر، ئۇ قەلەم بىلەن (خەت يېزىشنى) ئۆگەتتى، ئىنسانغا بىلمىگەن نەرسىلەرنى بىلدۈردى)، [ئەلەق سۈرىسى، 5-1].

**35.سوئال:** تۇنجى مۇسۇلمان بولغانلار كىملەر؟

**جاۋاب:** تۇنجى مۇسۇلمان بولغانلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئايالى ھەزرىتى خەدىچە، ئازادگەردىسى زەيد ئىبنى ھارىسە، تاغىسىنىڭ ئوغلى ئەلى ئىبنى ئەبى تالىب ۋە دوستى ئەبۇ بەكرى سىددىق رەزىيەللاھ ئەنھۇ قاتارلىقلاردۇر.

**36.سوئال:** پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قانچە يىل مەخپىي دەۋەت قىلغان؟

**جاۋاب:** ئۈچ يىل.

**37.سوئال:** دەۋەتنى ئاشكارا قىلىش ھەققىدە تۇنجى نازىل بولغان ئايەت قايسى؟

**جاۋاب:** ھىجر سۈرىسىنىڭ 94 – ئايىتى: (ساڭا بۇيرۇلغاننى (يەنى پەرۋەردىگارىڭنىڭ ئەمرىنى) ئاشكارا ئوتتۇرىغا قويغىن، مۇشرىكلار (نىڭ مەسخىرىلىرىگە) پەرۋا قىلمىغىن).

**38.سوئال:** پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاشكارا دەۋەت قىلىش بۇيرۇقى چۈشكەندە قانداق قىلغان؟

**جاۋاب:** سەفا تېغىنىڭ ئۈستىگە چىقىپ، پۈتۈن قۇرەيش جەمەتلىرىنى يىغىلىشقا چاقىرغان. ئاندىن ئۇلارنى يېگانە ئاللاھقا ئىمان ئېيتىشقا، ئۇنىڭغىلا ئىبادەت قىلىشقا ۋە بۇ ئارقىلىق ئۆزلىرىنى دوزاخ ئازابىدىن ساقلاشقا چاقىرغان.

**39.سوئال:** قۇرەيشلەر ئىسلامي دەۋەتكە قارشى قانداق ۋاستىلەرنى قوللانغان؟

**جاۋاب:** پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ۋە مۇسۇلمانلارنى مەسخىرە قىلىش، ئىسلامنى سەت كۆرسىتىش، شۈبھە پەيدا قىلىش، قۇرئانغا قارشى پىكىر دە بولۇش، قۇرئاننى بۇرۇنقىلارنىڭ ئەپسانىلىرى دەپ بوھتان قىلىش قاتارلىق ۋاستىلەرنى قوللانغان.

**40.سوئال:** يۇقىرىقى ۋاستىلەر ئىشقا يارىمىغاندىن كېيىن، قۇرەيشلەر ئىسلامىي دەۋەتكە قارشى يەنە قانداق ئۇسۇللارنى قوللانغان؟

**جاۋاب:** ئەبۇ لەھەب باشچىلىقىدا 25 كىشىلىك بىر ھەيئەت تەشكىللەپ، مۇسۇلمانلارنى قىين - قىستاققا ئېلىپ، قاتتىق قىيناشنى قارار قىلىشقان.

**41.سوئال:** پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا داۋاملىق دۈشمەنلىك قىلغانلار كىملەر؟

**جاۋاب:** ئەبۇ لەھەب ۋە ئايالى ئۇممۇ جەمىل.

**42.سوئال:** ئىسلامىي دەۋەتنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە قۇرەيشلىك ئەرلەردىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئەڭ كۆپ ئازار بەرگەنلەر كىم؟

**جاۋاب:** ئەبۇ جەھل، ئۇتبە، شەيبە، ئۇمەييە ئىبنى خەلەف، ئۇقبە ئىبنى ئەبى مۇئىيت.

**43.سوئال:** ئىسلامدىكى تۇنجى شېھىت ئايال كىم؟

**جاۋاب:** سۇمەييە رەزىيەللاھۇ ئەنھا.

**44.سوئال:** پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلەرگە مەخپىي دەۋەت قىلىدىغان جاينىڭ ئىسمى نېمە؟

**جاۋاب:** دارۇلئەرقەم.

**45.سوئال:** ھەبەشىستانغا قىلىنغان تۇنجى ھىجرەت قاچان بولغان؟ مۇھاجىرلارنىڭ سانى قانچە ئىدى؟

**جاۋاب:** تۇنجى ھىجرەت پەيغەمبەرلىكنىڭ 5 - يىلى بولغان، 12 ئەر، تۆت ئايال، جەمئىي 16 كىشى ھىجرەت قىلغان.

**46.سوئال:** سەئد ئىبنى ئەبى ۋەققاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇسۇلمان بولغاندا قانداق قىيىنچىلىقلارغا يولۇققان؟

**جاۋاب:** ئۇنىڭ ئانىسى مۇشرىك بولۇپ، ئوغلىنىڭ مۇسۇلمان بولغانلىقىنى ئاڭلاپ، «ئۇ ئىسلامدىن ۋاز كەچمىگۈچە بىر نەرسە يېمەيمەن، ئىچمەيمەن» دەپ قەسەم قىلىشۋەتكەن.

**47.سوئال:** سەئد ئىبنى ئەبى ۋەققاس ئانىسىنىڭ تەلىپىگە قوشۇلغانمۇ؟ ئۇنىڭ ھەققىدە قايسى ئايەت نازىل بولغان؟

**جاۋاب:** سەئد ئىبنى ئەبى ۋەققاس ئانىسىنىڭ يولسىز تەلىپىگە قوشۇلمىغان ۋە ئانىسىغا: «ئى ئانا! ناۋادا سېنىڭ 100 جېنىڭ بولۇپ، يېمەي - ئىچمەي قىينىلىپ، بىر - بىرلەپ جېنىڭ چىقىپ كەتسىمۇ، مەن دىنىمدىن ھەرگىز ۋاز كەچمەيمەن. خالىساڭ يېگىن، خالىمىساڭ يېمىگىن» دېگەن.

ئوغلىنىڭ ئىسلامدىن قايتمايدىغانلىقىنى بىلگەن ئانا ئاخىر ئۆمىدىنى ئۈزۈپ، تاماق يېگەن. ئۇنىڭ ھەققىدە مۇنۇ ئايەت نازىل بولغان: (ئەگەر ئاتا - ئاناڭ سېنى سەن بىلمەيدىغان نەرسىنى ماڭا شېرىك كەلتۈرۈشكە زورلىسا، ئۇلارغا ئىتائەت قىلمىغىن، سىلەر مېنىڭ دەرگاھىمغا قايتىپ بارسىلەر، سىلەرگە قىلمىشىڭلارنى خەۋەر قىلىمەن)، [ئەنكەبۇت سۈرىسى: 8].

**48.سوئال:** ئىككىنچى قېتىم ھەبەشىستانغا ھىجرەت قىلغاندا مۇسۇلمانلارنىڭ سانى قانچە ئىدى؟

**جاۋاب:** ئەرلەردىن 83، ئاياللاردىن 18 ياكى 19 نەپەر كىشى ئىدى.

**49.سوئال:** ھەبەشىستاندا مۇسۇلمانلارنى قىزغىن قارشى ئالغان پادىشاھنىڭ ئىسمى نىمە؟

**جاۋاب:** نەجاشىي.

**50.سوئال:** قۇرەيشلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ۋە ئىسلامنىڭ كېڭىيىپ كېتىشىنى تىزگىنلەش ئۈچۈن قانداق تەدبىر قوللانغان؟

**جاۋاب:** بەنى ھاشىم ۋە بەنى مۇتتەلىب جەمەتى بىلەن پۈتۈن مۇناسىۋەتنى ئۈزۈپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئۆزلىرىگە تاپشۇرۇپ بېرىشنى شەرت قىلىپ، ئۇلارنى ئەبۇ تالىب جىلغىسىدا مۇھاسىرىگە ئالغان.

**51.سوئال:** بۇ مۇھاسىرە قانچە يىل داۋاملاشقان؟

**جاۋاب:** ئۈچ يىل.

**52.سوئال:** مۇھاسىرىنى كىم، قايسى يىلى ئەمەلدىن قالدۇرغان؟

**جاۋاب:** مۇھاسىرىنى ھىشام، زۇھەير، ئەبۇ بۇختەرىي، مۇتئىم، زەمئە قاتارلىقلار پەيغەمبەرلىكنىڭ 10 - يىلى ئەمەلدىن قالدۇرغان.

**53.سوئال:** مۇھاسىرە قارارنامىسى يېزىلغان سەھىپە قانداق بولغان؟

**جاۋاب:** ئاللاھ تائالا بىر قۇرتنى ئەۋەتكەن ۋە قۇرت ئاللاھنىڭ ئىسمى يېزىلغان يەردىن باشقا ھەممىنى يەۋەتكەن.

**54.سوئال:** «قايغۇ يىلى» نېمە ئۈچۈن شۇنداق ئاتالغان؟

**جاۋاب:** چۈنكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئايالى خەدىچە ۋە تاغىسى ئەبۇ تالىب شۇ بىر يىلدىلا ۋاپات بولۇپ كەتكەن.

**55.سوئال:** خەدىچە رەزىيەللاھۇ ئەنھا قانچە يېشىدا، قايسى يىلى ۋاپات بولغان؟

**جاۋاب:** پەيغەمبەرلىكنىڭ 10 - يىلى 65 يېشىدا ۋاپات بولغان.

**56.سوئال:** خەدىچە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ۋاپات بولغاندىن كېيىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كىم بىلەن، قاچان نىكاھلانغان؟

**جاۋاب:** سەۋدە رەزىيەللاھۇ ئەنھا بىلەن، پەيغەمبەرلىكنىڭ 10 - يىلى نىكاھلانغان.

**57.سوئال:** پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تائىفلىقلارنى ئىسلامغا دەۋەت قىلىش ئۈچۈن كىم بىلەن بارغان؟ تائىفتا قانچە كۈن تۇرغان؟

**جاۋاب:** ئازادگەردىسى زەيد ئىبنى ھارىسە بىلەن بارغان ۋە ئون كۈن تۇرغان.

**58.سوئال:** پەيغەمبەر تائىفلىقلار ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋىتىگە قانداق پوزىتسىيە بىلدۈرگەن؟ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا قانداق دۇئا قىلغان؟

**جاۋاب:** ئۇلار ئارىسىدىكى ھاماقەتلەرنى ۋە كەپسىز باللارنى توپلاپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ھاقارەتلەشكە ۋە تاش ئېتىشقا كۈشكۈرتكەن. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام پەرۋەردىگارىغا مۇنداق دۇئا قىلغان: «ئى ئاللاھ! كۈچسىزلىكىمنى، چارىسىزلىكىمنى، خەلق نەزىرىدە تۆۋەن كۆرۈلگەنلىكىمنى ساڭا شىكايەت قىلىمەن. ئى مەرھەمەتلىكلەرنىڭ ئەڭ مەرھەمەتلىكى ئاللاھ! ماڭا غەزەپ قىلمىساڭلا، تارتقان بۇ ئازاب - ئوقۇبەتلەرگە پەرۋا قىلمايمەن. ئى پەرۋەردىگارىم! قەۋمىمنى ھىدايەت قىلغىن، چۈنكى ئۇلار بىلمەيدۇ. ئى پەرۋەردىگارىم! تاكى سەن رازى بولغۇچە ئەپۇ قىلىشىڭنى تىلەيمەن...».

**59.سوئال:** پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تائىفتىن قايتقاندا مۇشرىكلار ئۇنى مەككىگە كىرىشتىن توسقان. بۇ چاغدا ئۇنى ھىمايىسىگە ئېلىپ، مەككىگە ئەكىرگەن كىشى كىم؟

**جاۋاب:** مۇتئىم ئىبنى ئەدىي.

**60.سوئال:** مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ شەرىپى ھېسابلىنىدىغان ئىسرا ۋە مىراج قەيەردىن قەيەرگە بولغان؟

**جاۋاب:** ئىسرا مەسجىدى ھەرەمدىن مەسجىدى ئەقساغا، مىراج مەسجىدى ئەقسادىن ئۈستۈنكى ئالەملەرگە بولغان.

HAKSEVER
ھەقسۆيەر

**61.سوئال:** ئىسرا ۋە مىراجنىڭ مەنىسى نىمە؟

**جاۋاب:** ئىسرا ئاللاھ تائالانىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى كېچىنىڭ بىر قىسمىدا مەككىدىكى مەسجىدى ھەرەمدىن قۇدۇس شەھرىدىكى مەسجىدى ئەقساغا ئېلىپ بارغانلىقىدۇر. مىراج بولسا ئاللاھ تائالانىڭ جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام ئارقىلىق مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى كېچىنىڭ بىر قىسمىدا مەسجىدى ئەقسادىن يەتتىنچى ئاسمانغا ۋە ئۇنىڭمۇ ئۈستىگە ئېلىپ چىقىپ، مەسجىدى ئەقساغا قايتۇرۇپ ئېلىپ چۈشكەندىن كېيىن، يەنە شۇ كېچىدە مەككىگە قايتۇرۇپ كەلگەنلىكىدۇر.

**62.سوئال:** پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مىراج سەپىرىدە يەتتە ئاسماندا قايسى پەيغەمبەرلەر بىلەن ئۇچراشقان؟

**جاۋاب:** بىرىنچى ئاسماندا ئادەم ئەلەيھىسسالام بىلەن، ئىككىنچى ئاسماندا يەھيا ۋە ئىيسا ئەلەيھىسسالاملار بىلەن، ئۈچىنچى ئاسماندا يۇسۇف ئەلەيھىسسالام بىلەن، تۆتىنچى ئاسماندا ئىدرىس ئەلەيھىسسالام بىلەن، بەشىنچى ئاسماندا ھارۇن ئەلەيھىسسالام بىلەن، ئالتىنچى ئاسماندا مۇسا ئەلەيھىسسالام بىلەن، يەتتىنچى ئاسماندا ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام بىلەن ئۇچراشقان.

**63.سوئال:** ئىسرا ۋە مىراج سەپىرىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مىنگەن ئۇلاغنىڭ ئىسمى نىمە؟

**جاۋاب:** بۇراق.

**64.سوئال:** ئىسرا ۋە مىراج پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ روھى ۋە جىسمى بىلەن بولغانمۇ ياكى پەقەت روھى بىلەن بولغانمۇ؟

**جاۋاب:** ئىسرا ۋە مىراج پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ روھى ۋە جىسمى بىلەن بولغان.

**65.سوئال:** بىرىنچى ئەقەبە بەيئىتى قاچان بولغان؟ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا قانچە كىشى بەيئەت قىلغان؟

**جاۋاب:** پەيغەمبەرلىكنىڭ 12 - يىلى بولغان. مەدىنىلىك 12 ئەر كىشى بەيئەت قىلغان.

**66.سوئال:** ئىككىنچى ئەقەبە بەيئىتى قاچان بولغان؟ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا قانچە كىشى بەيئەت قىلغان؟

**جاۋاب:** ئىككىنچى ئەقەبە بەيئىتى پەيغەمبەرلىكنىڭ 13 - يىلى بولغان. 73 نەپەر ئەر، ئىككى ئايال قاتناشقان.

**67.سوئال:** پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇسۇلمانلارنىڭ مەدىنىگە ھىجرەت قىلىشىغا قاچان رۇخسەت بەرگەن؟

**جاۋاب:** ئىككىنچى ئەقەبە بەيئىتىدىن كېيىن رۇخسەت بەرگەن.

**68.سوئال:** مۇسۇلمانلار مەدىنىگە ھىجرەت قىلغاندىن كېيىن، مۇشرىكلاردا قانداق ئۆزگىرىشلەر بولغان؟

**جاۋاب:** مۇشرىكلار ئىشىنىڭ جىددىيلىكىنى ھېس قىلىپ، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى يوقىتىش چارىسىنى تېپىش ئۈچۈن جىددىي يىغىن ئاچقان.

**69.سوئال:** مۇشرىكلار يىغىندا قانداق قارار چىقارغان؟ ھالقىلىق پىكىرنى ئوتتۇرىغا قويغان كىشى كىم؟

**جاۋاب:** مۇشرىكلار ھەربىر قەبىلىدىن بىردىن جەسۇر يىگىتنى تاللاپ، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ئۆلتۈرۈشنى قارار قىلغان. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، بۇنداق بولغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ جەمەتى ھەممە قەبىلىگە قارشى چىقىشقا ۋە قىساس ئېلىشقا پېتىنالمايتتى، دىيەت بېرىش ئارقىلىق مەسىلىنى ئوڭايلا ھەل قىلغىلى بولاتتى. بۇ رەزىل پىكىرنى ئەبۇ جەھىل ئوتتۇرىغا قويغان.

**70.سوئال:** ئاللاھ تائالا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى مۇشرىكلارنىڭ بۇ رەزىل سۇيىقەستىدىن قانداق قۇتقۇزغان؟

**جاۋاب:** جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن ۋەھيى ئېلىپ چۈشۈپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى مۇشرىكلارنىڭ سۇيىقەستىدىن خەۋەردار قىلغان ھەمدە مەدىنىگە ھىجرەت قىلىشىغا رۇخسەت بەرگەن.

**71.سوئال:** ھىجرەت سەپىرىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا مەدىنىگە بارغۇچە ھەمراھ بولۇپ بارغان ساھابە كىم؟

**جاۋاب:** ئەبۇ بەكرى سىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ.

**72.سوئال:** ھىجرەت كېچىسى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئورنىدا يېتىپ تۇرغان ساھابە كىم؟

**جاۋاب:** ئەلى ئىبنى ئەبى تالىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ.

**73.سوئال:** پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامنىڭ ھىجرىتى قايسى يىلى بولغان؟

**جاۋاب:** پەيغەمبەرلىكنىڭ 14- يىلىنىڭ بېشىدا بولغان.

**74.سوئال:** پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام بىلەن ئەبۇ بەكرى سىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مەككىدىن چىقىپ قەيەرگە يوشۇرۇنغان؟ ئۇ يەردە قانچە كۈن تۇرغان؟

**جاۋاب:** سەۋر غارىغا يوشۇرۇنغان ۋە ئۇ يەردە ئۈچ كېچە ـ كۈندۈز تۇرغان.

**75.سوئال:** پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام سەۋر غارىدا يوشۇرۇنۇپ تۇرغان ۋاقىتلاردا ئۇنى مۇشرىكلار توغرۇلۇق مەلۇمات بىلەن تەمىنلىگەن كىشى كىم؟

**جاۋاب:** ئەبۇ بەكرى سىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئوغلى ئابدۇللاھ.

**76.سوئال:** ئابدۇللاھ غاردىن چىقىپ مەككىگە قايتقاندا ئۇنىڭ ئىزىنى كىم، قانداق ئۆچۈرگەن؟

**جاۋاب:** ئامىر ئىبنى فۇھەيرە ھەر كۈنى ئۇنىڭ ئىزىدىن بىر پادا قوينى ھەيدەپ يۈرۈپ ئۆچۈرگەن.

**77.سوئال:** پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ ھەمراھى ئەبۇ بەكرى سىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مەدىنىگە ھىجرەت قىلىش يولىدا ئۇلارغا كىم يول باشلىغان؟

**جاۋاب:** ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇرەيقىت يول باشلىغان. ئۇ مۇشرىك ئىدى.

**78.سوئال:** قۇرەيشلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە ئەبۇبەكرى سىددىق رەزىيەللاھۇنىڭ ھىجرىتىگە قارىتا قانداق پوزىتسىيەدە بولغان؟

**جاۋاب:** قۇرەيشلەر مەككىدىن چىقىش يوللىرىنىڭ ھەممىنى توسۇپ، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بىلەن ئەبۇ بەكرى سىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ تىرىكى ياكى ئۆلۈكىنى ئېلىپ كەلگەن كىشىگە 100 تۇياق تۆگە مۇكاپات بېرىدىغانلىقىنى ئېلان قىلغان.

**79.سـوئال:** پەيغەمبــەر ئەلەيھسســالام ۋە ئەبۇبەكــرى ســددىق رەزىيەللاھــۇ ئەنھــۇ چىۋىنغــا چۈشــكەن ئايالنىــڭ ئىســمى نىمــە؟ ئــۇ يــەردە قانــداق ئاجايىــپ ئىــش يــۈز بەرگــەن؟

**جـاۋاب:** مەزكــۇر ئايالنىــڭ ئىســمى ئۇممــۇ مەئبــەد. پەيغەمبــەر ئەلەيھسســالام ئۇنىــڭ ئــورۇق، سۈتســىز قويىدىــن خېلــى كــۆپ ســۈت ســېغىپ ئىچكــەن.

HAKSEVER

# مەدنە دەۋرى

HAKSEVER
ھەقسۆيەر

**80.سوئال:** پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنىنىڭ شەھەر ئىچىگە كىرىشتىن بۇرۇن قاچان، قەيەرگە چۈشكەن؟

**جاۋاب:** رەبىيئۇلئەۋۋەل ئېيىنىڭ دۈشەنبە كۈنى، قۇباغا چۈشكەن.

**81.سوئال:** پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قۇبادا قانچە كۈن تۇرغان، نېمە ئىشلارنى قىلغان؟

**جاۋاب:** قۇبادا تۆت كۈن تۇرغان ۋە قۇبا مەسجىدىنى سېلىپ، ناماز ئوقۇغان.

**82.سوئال:** پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنە مۇنەۋۋەرەگە قايسى كۈنى كىرگەن؟ كىمنىڭ ئۆيىگە چۈشكەن؟

**جاۋاب:** جۈمە كۈنى كىرگەن ۋە ئەبۇ ئەييۇب ئەنسارىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئۆيىگە چۈشكەن.

**83.سوئال:** پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنىگە ھىجرەت قىلغاندىن كېيىن، تۇنجى بولۇپ نېمە ئىشلارنى قىلغان؟

**جاۋاب:** مەسجىد بىنا قىلىش، مۇھاجىر ۋە ئەنسارلارنى ئۆزئارا قېرىنداش قىلىش، مۇسۇلمانلار بىلەن غەيرى مۇسۇلمانلار ئارىسىدا كېلىشىمنامە تۈزۈش قاتارلىقلار.

**84.سوئال:** پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەسجىدى نەبەۋىنى قەيەرگە بىنا قىلغان؟

**جاۋاب:** تۆگىسى چۆككەن يەرگە بىنا قىلغان، چۈنكى تۆگە ئاللاھنىڭ ئەمرى بىلەن ھەرىكەت قىلاتتى. مەزكۇر زېمىن ئىككى يېتىم بالىغا ئائىت بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلاردىن بۇ زېمىننى مەسجىد سېلىش ئۈچۈن سېتىۋالغان.

**85.سوئال:** سۇففە دېگەن نېمە؟ سۇففەدە ئولتۇرىدىغانلار كىملەر؟

**جاۋاب:** سۇففە مەسجىد ھويلىسىنىڭ بىر بۆلۈگىدىكى ئەتراپى ئوچۇق، ئۈستى يېپىق ئورۇن. سۇففەدە ئولتۇرىدىغانلار ساھابىلەردىن ئۆيى ۋە ئائىلىسى بولمىغان، ئىسلامنىڭ ئەزىز مېھمانلىرىدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنى پات - پات يوقلاپ، ھالىدىن خەۋەر ئېلىپ تۇراتتى، كېسەل بولۇپ قالسا يوقلايتتى، ئۇلار بىلەن كۆپرەك سۆھبەتلىشەتتى.

**86.سوئال:** پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يولغا سالغان تۇنجى ئەترەت قايسى؟ قاچان يولغا سالغان؟

**جاۋاب:** «دېڭىز قىلىچى» ناملىق ئەترەتتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنى ھىجرىيەنىڭ 1 - يىلى، رامىزان ئېيىدا يولغا سالغان.

**87.سوئال:** بۇ ئەترەتنىڭ قوماندانى كىم؟ ئۇنى ئەۋەتىشتىكى مەقسەت نېمە؟

**جاۋاب:** بۇ ئەترەتنىڭ قوماندانى ھەمزە ئىبنى ئابدۇلمۇتتەلىب، ئەۋەتىشتىكى مەقسەت شامدىن كېلىۋاتقان قۇرەيش كارۋانلىرىنى توسۇش.

**88.سوئال:** پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام ئۆز قولى بىلەن چەگكەن بايراق قايسى؟ ئۇنى كىم كۆتۈرۈپ ماڭغان؟

**جاۋاب:** «دېڭىز قىلىچى» ناملىق ئەترەتنىڭ قوماندانى ھەمزە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قولىدىكى بايراق بولۇپ، ئۇ ئاق رەڭلىك ئىدى. ئۇنى ئەبۇ مەرسەد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ كۆتۈرگەن.

**89.سوئال:** پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام قىلغان تۇنجى غازاتنىڭ ئىسمى نېمە؟ ئۇنىڭدىن مەقسەتچۇ؟

**جاۋاب:** پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام قىلغان تۇنجى غازات ئەبۋائ غازىتى. پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام بۇ غازاتتا مۇھاجىرلاردىن 70 نەپەر كىشى بىلەن قۇرەيش كارۋانلىرىنى توسۇش ئۈچۈن چىققان. بىراق، ھېچقانداق ئۇرۇش بولمايلا قايتىپ كەتكەن.

**90.سوئال:** پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام بەدر غازىتىغا نېمە ئۈچۈن، قاچان چىققان؟

**جاۋاب:** ھىجرىيە ئىككىنچى يىلى رامىزان ئېيىنىڭ 17 - كۈنى، مەككە مۇشرىكلىرىنىڭ بايلىقلىرىنى ئېلىپ كەلگەن قۇرەيش كارۋانلىرىنى توسۇش ئۈچۈن چىققان.

**91.سوئال:** بەدر غازىتىغا قاتناشقان مۇسۇلمانلارنىڭ سانى قانچە؟ مۇشرىكلارنىڭ سانىچۇ؟

**جاۋاب:** مۇسۇلمانلار قوشۇنىنىڭ سانى 313، مۇشرىكلارنىڭ سانى 1000 نەپەر ئىدى.

**92.سوئال:** بەدر غازىتىدا مۇسۇلمانلار قوشۇنىنىڭ بايراقدارى كىم؟

**جاۋاب:** مۇسئەب ئىبنى ئۇمەير، ئۇنىڭ بايرىقى ئاق رەڭلىك ئىدى.

**93.سوئال:** پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بەدر غازىتىدا قوللانغان يېڭى جەڭ تاكتىكىسى قايسى؟

**جاۋاب:** پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بەدر غازىتىدا قوللانغان يېڭى جەڭ تاكتىكىسى جەڭچىلەرنىڭ سەپلىرىنى رەتكە سېلىش ئۇسۇلى بولۇپ، بۇنىڭدا ئەسكەرلەر نامازغا تۇرغاندەك سەپ تۈزۈپ تۇرىدۇ. ئەسكەرلەرنىڭ ئاز - كۆپلۈكىگە قاراپ سەپلەرمۇ ئاز - كۆپ بولىدۇ. بىرىنچى سەپتە ئاتلىق قوشۇننىڭ ھۇجۇمىنى توسۇش ئۈچۈن نەيزىۋازلار تۇرىدۇ، كېيىنكى سەپلەردە ئوقياچى مەرگەنلەر تۇرىدۇ.

**94.سوئال:** سەۋاد ئىبنى غەزىييە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ كىم؟ ئۇنىڭ قىسسىسىنى بىلەمسىز؟

**جاۋاب:** سەۋاد پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سەپلەرنى رەتكە سېلىۋاتقاندا سەپتىن چىقىپ قالغان بىر ساھابە. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قولىدىكى يا ئوقى بىلەن ئۇنىڭ قورسىقىغا نوقۇپ:

- تۈز تۇر، ئى سەۋاد! - دېگەن. شۇنىڭ بىلەن، سەۋاد پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا:

- ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! ئاغرىتىپ قويدىلا. ئاللاھ سىلىنى ھەقىقەت ۋە ئادالەت بىلەن ئەۋەتتى. مەن سىلىدىن قىساس تەلەپ قىلىمەن، - دېگەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇبارەك قورسىقىنى ئېچىپ:

- ئەمىسە، قىساسىڭنى ئېلىۋال، ئى سەۋاد! - دېگەن. سەۋاد دەرھاللا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى قۇچاقلاپ، ئۇنىڭ مۇبارەك قورسىقىغا سۆيۈپلا كەتكەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا:

- نېمىشقا بۇنداق قىلىسەن، ئى سەۋاد! - دەپ سورىغاندا، سەۋاد پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا:

- ئىش سىلى كۆرگەنىدەك. ئاخىرقى قېتىم بولسىمۇ جىسمىمنى جىسمىلىرىڭغا تەگكۈزۈۋالاي دېدىم، - دېگەن. شۇنىڭ بىلەن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا خەيرلىك دۇئالارنى قىلغان.

**95.سوئال:** بەدر غازىتىدا بارگاھ قۇرۇشقا ئەڭ مۇناسىپ جاينى كۆرسەتكەن ساھابىنىڭ ئىسمى نېمە؟

**جاۋاب:** هۇباب ئىبنى مۇنزىر رەزىيەللاهۇ ئەنهۇ.

**96.سوئال:** بەدر غازىتىدا مۇشرىكلار قوشۇنىنىڭ قومانىي كىم ئىدى؟

**جاۋاب:** ئەبۇ جەهل.

**97.سوئال:** بەدر غازىتىدا جەسەتلىرى قۇدۇققا تاشلانغان مۇشرىكلار كىملەر؟

**جاۋاب:** بەدر غازىتىدا جەسەتلىرى قۇدۇققا تاشلانغانلار قۇرەيش كاتتىباشلىرىدۇر. ئۇ قۇرۇپ كەتكەن قۇدۇق بولۇپ، بەدر غازىتى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام مۇشرىكلارنىڭ جەسەتنى شۇ قۇدۇققا تاشلىۋېتىشكە بۇيرۇغان ۋە تاشلىنىشتىن بۇرۇن ئۇلارغا قاراپ مۇنداق دېگەن:

- سىلەر پەيغەمبىرىڭلارنىڭ ئەڭ ناچار جەمەتى ئىدىڭلار. باشقىلار ماڭا ئىشەنسە، سىلەر مېنى يالغانغا چىقاردىڭلار؛ باشقىلار ماڭا ياردەم بەرسە، سىلەر مېنى ياردەمسىز قويدۇڭلار؛ باشقىلار ماڭا يۇرت - ماكان بەرسە، سىلەر مېنى يۇرتۇمدىن قوغلاپ چىقاردىڭلار.

پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام شۇ سۆزلەرنى قىلغاندىن كېيىن، ئۇلارنى قۇدۇققا تاشلىۋېتىشكە بۇيرۇغان. ئۇلار سۆرەلگەن پېتى قۇدۇققا تاشلىۋېتىلگەن.

**98.سوئال:** بەدرى غازىتىدا شېھىت بولغان مۇسۇلمانلارنىڭ سانى قانچە؟ ئۆلتۈرۈلگەن ۋە ئەسىر ئېلىنغان مۇشرىكلارنىڭ سانىچۇ؟

**جاۋاب:** شېھىت بولغان مۇسۇلمانلارنىڭ سانى 14 نەپەر، ئۆلتۈرۈلگەن مۇشرىكلارنىڭ سانى 70 نەپەر، ئەسىرگە چۈشكەنلەرنىڭ سانى 70 نەپەردۇر.

**99.سوئال:** قۇرئاندىكى بەدر غازىتى ھەققىدە توختالغان سۈرە قايسى؟

**جاۋاب:** ئەنفال سۈرىسى.

**100.سوئال:** بەدرى غازىتىدا ئاللاھ تائالانىڭ مۇسۇلمانلارغا قىلغان ياردىمى قانداق بولدى؟

**جاۋاب:** ئاللاھ تائالا بەدر غازىتىدا مۇسۇلمانلارغا پەرىشتىلەرنى ئەۋەتىش ئارقىلىق ياردەم بەردى. پەرىشتىلەر مۇسۇلمانلار تەرەپتە تۇرۇپ، ئۇرۇش قىلىپ، نۇرغۇن مۇشرىكلارنى ئۆلتۈردى. نىھايەت، مۇسۇلمانلار مۇشرىكلار ئۈستىدىن غەلىبە قىلدى.

**101.سوئال:** بەنۇ قەينۇقا غازىتى قاچان يۈز بەرگەن؟

**جاۋاب:** ھىجرىيە 3 - يىلى شەۋۋال ئېيىنىڭ 15 - كۈنى يۈز بەرگەن.

**102.سوئال:** بەنۇ قەينۇقا غازىتىنىڭ يۈز بېرىش سەۋەبى نېمە؟

**جاۋاب:** بەنۇ قەينۇقا يەھۇدىيلىرىنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن قىلىشقان ئەھدىسىنى بۇزۇپ، مۇسۇلمانلارغا ئوچۇق - ئاشكارا ئەزىيەت ۋە زۇلۇم قىلىشى بەنۇ قەينۇقا غازىتىغا سەۋەب بولغان.

**103.سوئال:** بەنۇ قەينۇقا غازىتىدا مۇسۇلمانلارنىڭ بايراقدارى كىم ئىدى؟

**جاۋاب:** ھەمزە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ.

**104.سوئال:** بەنۇ قەينۇقا غازىتىنىڭ نەتىجىسى قانداق بولغان؟

**جاۋاب:** پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سېپىللىرىغا بېكىنىۋالغان يەھۇدىيلارنى 15 كېچە - كۈندۈز مۇھاسىرىگە ئالغان. شۇنىڭ بىلەن، ئۇلار قورقۇپ،

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا تەسلىم بولغانلىقىنى بىلدۈرگەن.

**105.سوئال:** ئۇھۇد غازىتى قاچان يۈز بەرگەن؟

**جاۋاب:** ھىجرىيە 3 - يىلى شەۋۋال ئېيىنىڭ 7 - كۈنى يۈز بەرگەن.

**106.سوئال:** ئۇھۇد غازىتىغا قاتناشقان مۇسۇلمانلارنىڭ سانى قانچە؟ مۇشرىكلارنىڭ سانىچۇ؟

**جاۋاب:** مۇسۇلمانلارنىڭ سانى 700، مۇشرىكلارنىڭ سانى 3000 كىشى.

**107.سوئال:** ئۇھۇد غازىتىدا مۇسۇلمانلار قوشۇنىدىن 300گە يېقىن مۇناپىقنى پىتنە - ئىغۋا تارقىتىش ئارقىلىق يېرىم يولدىن قايتۇرۇپ كەتكەن مۇناپىقلارنىڭ كاتتىبېشىنىڭ ئىسمى نېمە؟

**جاۋاب:** ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇبەي. ئۇ ھەقىقەتەن مۇناپىق ئىدى.

**108.سوئال:** پەيغەمبەر ئەلەيهسسالام ئۇھۇد غازىتىدا قوشۇننى قانداق تەرتىپكە سالغان؟

**جاۋاب:** ئۈچ قىسىمغا بۆلگەن:

بىرىنچى قىسمى: مۇھاجىرلار بولۇپ، بايراقدارى مۇسئەب ئىبنى ئۇمەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئىدى.

ئىككىنچى قىسمى: ئەۋس قەبىلىسىدىن تەشكىللەنگەن ئەنسارلار بولۇپ، بايراقدارى ئۇسەيد ئىبنى ھۇزەير ئىدى.

ئۈچىنچى قىسمى: خەزرەج قەبىلىسىدىن تەشكىللەنگەن ئەنسارلار بولۇپ، بايراقدارى ھۇباب ئىبنى مۇنزىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئىدى.

**109.سوئال:** ئۇھۇد كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نىمە ئۈچۈن بەزى ساھابىلەرنى ئۇرۇشقا قاتناشتۇرماي قايتۇرۇۋەتكەن؟ ئۇلارنىڭ سانى قانچە ئىدى؟

**جاۋاب:** پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنى ياشلىرى كىچىك بولغانلىقى ئۈچۈن قايتۇرۇۋەتكەن، چۈنكى ئۇلار 14 ياشتىن كىچىك ئىدى. ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر، زەيد ئىبنى سابىت، ئۇسامە ئىبنى زەيد، زەيد ئىبنى ئەرقەم، ئەبۇ سەئىد خۇدرىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ قاتارلىقلارمۇ ئۇلارنىڭ ئارىسىدا بار ئىدى. ئۇلار جەمئىي 14 نەپەر ئۆسمۈر ئىدى.

**110.سوئال:** ئۇھۇد كۈنى مۇشرىك قوشۇنىغا كىم قوماندانلىق قىلغان؟

**جاۋاب:** باش قوماندان ئەبۇ سۇفيان، ئاتلىق قىسىمنىڭ قوماندانى خالىد ئىبنى ۋەلىد.

**111.سوئال:** ئۇھۇد كۈنى مۇسۇلمانلارنىڭ غەلىبىسى نېمە سەۋەبتىن مەغلۇبىيەتكە يۈزلەنگەن؟

**جاۋاب:** ئوقياچىلارنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇيرۇقىغا خىلاپلىق قىلىپ، بەلگىلەنگەن ئورۇندىن ئايرىلىشى سەۋەبلىك مۇسۇلمانلارنىڭ غەلىبىسى مەغلۇبىيەتكە يۈزلەنگەن.

**112.سوئال:** ئۇھۇد غازىتىدىكى مەغلۇبىيەتتىن مۇسۇلمانلار قانداق ساۋاق ئالغان؟

**جاۋاب:** ئاللاھقا ۋە ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىتائەت قىلىش، قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئۇنىڭ ئەمرىدىن چىقماسلىق.

**113.سوئال:** ئۇھۇد كۈنى مۇسۇلمانلارغا ئەڭ ئېغىر تۇيۇلغان ئىش قايسى؟

**جاۋاب:** پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىكى ھەققىدە تارقىتىلغان سۆز - چۆچەك.

**114.سوئال:** ئۇھۇد غازىتىدا مۇسۇلمانلاردىن شېھىت بولغانلارنىڭ سانى قانچە؟ مۇشرىكلاردىن ئۆلتۈرۈلگەنلەرچۇ؟

**جاۋاب:** مۇسۇلمانلاردىن شېھىت بولغانلار 70 نەپەر، مۇشرىكلاردىن ئۆلتۈرۈلگەنلەر 37 نەپەر، يەنە بىر رىۋايەتتە 22 نەپەر دېيىلگەن.

**115.سوئال:** پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇھۇدتىن قايتىپ ماڭغان مۇشرىكلارنىڭ قالدۇق ئەسكەرلىرىنى قوغلاپ زەربە بېرىش ئۈچۈن بىر غازات قىلغان. بۇ غازاتنىڭ ئىسمى نېمە؟ ئۇنىڭدىكى مەقسەت نېمە؟

**جاۋاب:** غازاتنىڭ ئىسمى ھەمرائۇلئەسەد غازىتى. بۇنىڭدىكى ئاساسىي مەقسەت ئۇھۇدتىن قايتقان مۇشرىكلارنىڭ غەلىبە تەنتەنىسىنى بۇزۇۋېتىش ھەمدە مەدىنىگە قايتىدىن ھۇجۇم قىلالمايدىغان قىلىۋېتىشتۇر.

**116.سوئال:** پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەمرائۇلئەسەد غازىتىغا قاچان چىققان؟ ئۇنىڭ بىلەن مۇسۇلمانلاردىن كىملەر بار ئىدى؟

**جاۋاب:** شەۋۋال ئېيىنىڭ 8 - كۈنى ئۇھۇد غازىتىدىن قايتقان ھامان جىددىي تەييارلىق قىلىپ يولغا چىققان. ئۇھۇد غازىتىغا قاتناشقانلارنىڭلا بىللە چىقىشىغا رۇخسەت بەرگەن.

**117.سوئال:** ھەمرائۇلئەسەد غازىتىنىڭ نەتىجىسى قانداق بولدى؟

**جاۋاب:** ئەبۇ سۇفيان باشلىق مۇشرىكلار مۇسۇلمان قوشۇنىنىڭ قوغلاپ كېلىۋاتقانلىق خەۋرىنى ئاڭلاپ، قورقىنىدىن بەدەر تىكىۋەتكەن. شۇنىڭ بىلەن، مۇسۇلمانلار ئۇرۇش قىلمايلا مەدىنىگە قايتىپ كەلگەن.

**118.سوئال:** قۇرئاننىڭ كەرىمدىكى ئۇھۇد غازىتى ھەققىدە توختالغان سۈرە قايسى؟

**جاۋاب:** ئال ئىمران سۈرىسى.

**119.سوئال:** ئۇھۇد غازىتىدىن كېيىن، مۇسۇلمانلار يولۇققان ئېغىر مۇسىبەتلەردىن بىرنەچچىنى دەپ بېرەلەمسىز؟

**جاۋاب:** رەجىئ دېگەن جايدا 10 مۇسۇلمان، بىئرى مەئۇنە دېگەن جايدا 70 مۇسۇلمان شېھىت قىلىنغان.

**120.سوئال:** قارىلاردىن قانچىسى ئۆلتۈرۈلگەن؟

**جاۋاب:** پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام رىئل، زەكۋان، ئۇسەييە ۋە بەنى لىھيان قاتارلىق قەبىلىلەرنىڭ تەلىپىگە بىنائەن ئەنسارلاردىن 70 قارىنى ئۇلارغا قۇرئان ۋە شەرىئەت بىلىملىرىنى ئۆگىتىپ قويۇش ئۈچۈن ئەۋەتكەن. ئەمما، ئۇلار قارىلارنى ئالداپ، رەھىمسىزلەرچە ئۆلتۈرۈۋەتكەن.

**121.سوئال:** بەنى نەزىر غازىتىنىڭ سەۋەبى نېمە؟

**جاۋاب:** مۇشرىكلارنىڭ رەجىئ ۋە بىئرى مەئۇنە دېگەن جايدا قارىلارنى قىرىۋەتكەنلىكى ۋە بەنى نەزىر يەھۇدىيلىرىنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بېشىغا تۈگمەن تېشى تاشلاپ ئۆلتۈرۈشكە ئۇرۇنغانلىقى بەنى نەزىر غازىتىغا سەۋەب بولغان.

**122.سوئال:** بەنى نەزىر غازىتى قاچان يۈز بەرگەن؟

**جاۋاب:** ھىجرىيە 4 - يىلى رەبىيئۇلئەۋۋەل ئېيىدا يۈز بەرگەن.

**123.سوئال:** بەنى نەزىر غازىتىنىڭ نەتىجىسى قانداق بولغان؟

**جاۋاب:** مۇسۇلمانلار يەھۇدىيلارنىڭ سېپىللىرىنى قىسقا بىر مەزگىل مۇھاسىرىگە ئالغان. شۇنىڭ بىلەن يەھۇدىيلار قورقۇپ كېتىپ، قورال تاشلاپ، تەسلىم بولغان ۋە مەدىنىدىن چىقىپ كەتكەن.

**124.سوئال:** بەنى نەزىر غازىتى ھەققىدە توختالغان سۈرە قايسى؟

**جاۋاب:** ھەشر سۈرىسى.

**125.سوئال:** دەۋمەتۇل جەندەل غازىتى قاچان بولغان؟ ئۇنىڭدىكى ئاساسىي مەقسەت نېمە؟

**جاۋاب:** دەۋمەتۇل جەندەل غازىتى ھىجرىيە 5 - يىلى رەبىئۇلئەۋۋەل ئېيىدا بولغان. بۇنىڭدىكى ئاساسىي مەقسەت دەۋمەتۇل جەندەل ئەتراپىدىكى يوللارنى توسۇپ، كارۋانلارنىڭ پۇل - مېلىنى بۇلاڭ - تالاڭ قىلىدىغان ھەتتا مەدىنىگە ھۇجۇم قىلىش كويىدا بولۇۋاتقان قەبىلىلەرنىڭ ئەدىپىنى بېرىپ قويۇش.

**126.سوئال:** دەۋمەتۇل جەندەل غازىتىغا قاتناشقان مۇسۇلمانلارنىڭ سانى قانچە؟ غازاتنىڭ نەتىجىسى قانداق بولغان؟

**جاۋاب:** مۇسۇلمانلاردىن 1000 نەپەر مۇجاھىد يولغا چىققان، لېكىن ئۇرۇش بولماي قايتىپ كەلگەن.

**127.سوئال:** نەيزە دۇمبىسىدىن كىرىپ، كۆكرىكىدىن چىققاندا: «كەبىنىڭ پەرۋەردىگارى بىلەن قەسەمكى، مەن ئۇتتۇق قازاندىم» دېگەن ساھابە كىم؟

**جاۋاب:** ھەرام ئىبنى مىلھان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ.

**128.سوئال:** «مىسكىنلەرنىڭ ئانىسى» دەپ ئاتالغان ئايال ساھابە كىم؟

**جاۋاب:** زەينەب بىنتى خۇزەيمە رەزىيەللاھۇ ئەنھا. ئۇ جاھىلىيەت دەۋرىدىمۇ دائىم مىسكىنلەرگە تاماق بېرەتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى ھىجرىيە 2 - يىلى نىكاھىغا ئالغان.

**129.سوئال:** دىنىنى قوغداپ قېلىش ئۈچۈن ئېرى بىلەن ھەبەشىستانغا ھىجرەت قىلغان، ئاندىن مەككىگە قايتىپ كەلگەن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە باشقا مۇسۇلمانلار مەدىنىگە ھىجرەت قىلغاندىن كېيىن، يەنە مەدىنىگە ھىجرەت قىلغان، ئېرى شېھىت بولۇپ كەتكەندىن كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ نىكاھىغا ئۆتكەن ئايال ساھابە كىم؟

**جاۋاب:** ئۇممۇ سەلەمە رەزىيەللاھۇ ئەنھا.

**130.سوئال:** ئەھزاب غازىتى قاچان بولغان؟

**جاۋاب:** ھىجرىيە 5 - يىلى شەۋۋال ئېيىدا بولغان.

**131.سوئال:** ئەھزاب غازىتىنىڭ سەۋەبى نېمە؟

**جاۋاب:** يەھۇدىيلارنىڭ كاتتىباشلىرىدىن 20 نەپەر كىشى قۇرەيش ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى قەبىلىلەرنى مەدىنىگە ھۇجۇم قىلىشقا قۇتراتقان. نەتىجىدە، ئەھزاب غازىتى يۈز بەرگەن.

**132.سوئال:** ئەھزاب غازىتىغا قاتناشقان مۇسۇلمانلارنىڭ سانى قانچە؟ مۇشرىكلارنىڭ سانىچۇ؟

**جاۋاب:** مۇسۇلمانلارنىڭ سانى 3000، ئىتتىپاقداش قوشۇندىن تەركىب تاپقان مۇشرىكلارنىڭ سانى 10 مىڭ نەپەر.

**133.سوئال:** مۇسۇلمانلار مەدىنىنى قوغداپ قېلىشتا قانداق تاكتىكا قوللانغان؟ تاكتىكىنى كىم ئوتتۇرىغا قويغان؟

**جاۋاب:** مۇسۇلمانلار مەدىنىنى قوغداپ قېلىش ئۈچۈن خەندەك كولىغان. بۇ تاكتىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان ساھابە سەلمان فارسىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ.

**134.سوئال:** خەندەك كولاشقا قانچە مۇسۇلمان قاتناشقان؟

**جاۋاب:** 1000 نەپەر مۇسۇلمان قاتناشقان.

**135.سوئال:** پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ خەندەك كولاش جەريانىدىكى مۆجىزىلىرىنى ئېيتىپ بېقىڭ؟

**جاۋاب:** ئاز يېمەكلىكنىڭ كۆپىيىشى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇئمىنلەرگە شام، فارس ۋە يەمەن قاتارلىق جايلارنىڭ پەتھە بولىدىغانلىقىدىن بېشارەت بېرىشى.

**136.سوئال:** ئەھزاب غازىتىدا مۇسۇلمانلار يولۇققان ئەڭ قىيىن ئەھۋال قايسى؟

**جاۋاب:** بەنى قۇرەيزە يەھۇدىيلىرىنىڭ مۇسۇلمانلار بىلەن قىلىشقان ئەھدىسىگە خىيانەت قىلىپ، مۇشرىكلارنىڭ سېپىگە قېتىلىپ كەتكەنلىكى.

**137.سوئال:** ئەھزاب غازىتىنىڭ نەتىجىسى قانداق بولغان؟

**جاۋاب:** ئەھزاب غازىتى ئىككى تەرەپ ئارىسىدا تۈزۈكرەك ئۇرۇش بولماي ئاخىرلاشقان. چۈنكى، مۇشرىكلار ئارىسىدا بۆلۈنۈش كېلىپ چىققان، ئاللاھ تائالا دەھشەتلىك بوران - چاپقۇن ئەۋەتكەن، چېدىرلىرى ئۆرۈلۈپ كەتكەن، ئاللاھ تائالا يەنە پەرىشتىلەرنى ئەۋەتكەن. پەرىشتىلەر ئۇلارنىڭ قەلبىگە قورقۇنچ سالغان.

**138.سوئال:** ئەھزاب غازىتىدا قانچە مۇسۇلمان شېھىت بولغان؟ قانچە مۇشرىك ئۆلتۈرۈلگەن؟

**جاۋاب:** ئالتە نەپەر مۇسۇلمان شېھىت بولغان، 10 نەپەر مۇشرىك ئوق بىلەن ئۆلتۈرۈلگەن.

**139.سوئال:** بەنى قۇرەيزە غازىتى قاچان يۈز بەرگەن؟

**جاۋاب:** پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەھزاب غازىتىدىن قايتىپ كەلگەن كۈنى جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام ئۇنى بەنى قۇرەيزە يەھۇدىيلىرى بىلەن ئۇرۇش قىلىشقا بۇيرۇغان.

**140.سوئال:** پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بەنى قۇرەيزە يەھۇدىيلىرىنى نېمىشقا مۇھاسىرىگە ئالغان؟

**جاۋاب:** چۈنكى، ئۇلار ئەھزاب غازىتىدا مۇسۇلمانلار بىلەن قىلىشقان ئەھدىسىگە خىيانەت قىلىپ، مۇشرىكلار بىلەن بىر سەپتە تۇرغان.

**141.سوئال:** بەنى قۇرەيزە يەھۇدىيلىرىنى مۇھاسىرىگە ئېلىش ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن چىققان مۇسۇلمانلارنىڭ سانى قانچە ئىدى؟

**جاۋاب:** 3000 نەپەر.

**142.سوئال:** بەنى قۇرەيزە غازىتى قانداق ئاخىرلاشقان؟

**جاۋاب:** بەنى قۇرەيزە يەھۇدىيلىرى تەسلىم بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھۆكمىنى قوبۇل قىلغان.

**143.سوئال:** بەنى قۇرەيزە يەھۇدىيلىرى ھەققىدە ھۆكۈم چىقارغان ساھابە كىم؟ قانداق ھۆكۈم چىقارغان؟

**جاۋاب:** سەئد ئىبنى مۇئاز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ. ئۇ «بەنى قۇرەيزە يەھۇدىيلىرىنىڭ ئەرلىرى ئۆلتۈرۈلسۇن، بالىچاقىلىرى ئەسىر ئېلىنسۇن، پۇل - ماللىرى مۇسادىرە قىلىنسۇن» دەپ ھۆكۈم چىقارغان.

**144.سوئال:** بەنى قۇرەيزە غازىتىدا قانچە مۇسۇلمان شېھىت بولغان ۋە قانچە يەھۇدىي ئۆلتۈرۈلگەن؟

**جاۋاب:** ئىككى مۇسۇلمان شېھىت بولغان، 700-600 نەپەر ئەتراپىدا يەھۇدىي ئۆلتۈرۈلگەن.

**145.سوئال:** قۇرئان كەرىمدىكى ئەھزاب غازىتى بىلەن بەنى قۇرەيزە غازىتى ھەققىدە توختالغان سۈرە قايسى؟

**جاۋاب:** ئەھزاب سۈرىسى.

**146.سوئال:** ئاللاھ تائالا يەتتە ئاسمان ئۈستىدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا نىكاھلىنىشقا ئەمر قىلىپ ئايەت نازىل قىلغان «مۇئمىنلەرنىڭ ئانىسى» كىم؟

**جاۋاب:** زەينەب بىنتى جەھش رەزىيەللاھۇ ئەنھا.

**147.سوئال:** زەينەب رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزگەرتىپ قويۇشنىڭ ئالدىدىكى ئىسمى نىمە ئىدى؟

**جاۋاب:** بەررە.

**148.سوئال:** زەينەب رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ دەسلەپكى ئېرىنىڭ ئىسمى نىمە؟

**جاۋاب:** زەيد ئىبنى ھارىسە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ.

**149.سوئال:** مۇئمىنلەرنىڭ ئانىلىرى ئىچىدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام «قولى ئۇزۇن» دەپ سۈپەتلىگەن ئايالى قايسى؟

**جاۋاب:** زەينەب رەزىيەللاھۇ ئەنھا. چۈنكى، ئۇ ئۆزى ئىشلەپ، كۆپ سەدىقە قىلاتتى.

**150.سوئال:** پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ زەينەب رەزىيەللاھۇ ئەنھانى نىكاھىغا ئېلىشىنىڭ سەۋەبى نېمە؟

**جاۋاب:** زەيد ئىبنى ھارىسە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئازادگەردىسى ھەم بېقىۋالغان ئوغلى ئىدى. كىشىلەر ئۇنى «مۇھەممەدنىڭ ئوغلى زەيد» دەپ چاقىرىشاتتى. جاھىلىيەتتە «باقما بالىسى تالاق قىلىۋەتكەن ئايالنى نىكاھىغا ئېلىش توغرا ئەمەس» دەيدىغان قاراش بار ئىدى. ئاللاھ تائالا جاھىلىيەتنىڭ بۇ ئادىتىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش ئۈچۈن پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى زەينەبنى ئېلىشقا بۇيرۇغان.

**151.سوئال:** بەنى لىھيان غازىتىنىڭ سەۋەبى نېمە؟

**جاۋاب:** چۈنكى، ئۇلار رەجىئ دېگەن جايدا 10 ساھابىنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن ئىدى.

**152.سوئال:** بەنى لىھيان غازىتى قاچان بولغان؟ مۇسۇلمانلاردىن قانچە كىشى قاتناشقان؟

**جاۋاب:** ھىجرىيە 6 - يىلى بولغان. مۇسۇلمانلاردىن 200 كىشى قاتناشقان.

**153.سوئال:** بەنى لىھيان غازىتىنىڭ نەتىجىسى قانداق بولغان؟

**جاۋاب:** بەنى لىھيان قەبىلىسى مۇسۇلمان قوشۇنىنىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپلا قېچىپ، تاغ - تۈزلەرگە چىقىۋالغان.

**154.سوئال:** بەنى مۇستەلەق غازىتى قاچان بولغان؟

**جاۋاب:** ئىشەنچلىك رىۋايەتلەرگە قارىغاندا، ھىجرىيە 6 - يىلى شەئبان ئېيىدا بولغان.

**155.سوئال:** بەنى مۇستەلەق غازىتىنىڭ سەۋەبى نېمە؟

**جاۋاب:** پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بەنى مۇستەلەق قەبىلىسىنىڭ باشلىقى ھارىس ئىبنى ئەبى زىرارنىڭ قەۋمىنى باشلاپ، بىر تۈركۈم ئەرەبلەر بىلەن مەدىنىگە ھۇجۇم قىلىش ئۈچۈن يولغا چىققانلىق خەۋىرى يەتكەن. شۇنىڭ بىلەن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلار كېلىپ بولغۇچە ئالدىغا چىقىپ ئۇرۇش قىلغان.

**156.سوئال:** بەنى مۇستەلەق غازىتىنىڭ نەتىجىسى قانداق بولغان؟

**جاۋاب:** بەنى مۇستەلەق قەبىلىسىدىكىلەر بىلەن قوللىغۇچىلىرى مەغلۇپ بولغان، ئاياللىرى ئەسىر ئېلىنىپ، مال - چارۋىلىرى غەنىيمەت ئېلىنغان، مۇسۇلمانلار غەلىبە قىلغان.

**157.سوئال:** ھىجرىيە 6 - يىلى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرى بىلەن مەككىگە ئاتلىنىشىنىڭ سەۋەبى نېمە؟

**جاۋاب:** پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلىرى بىلەن مەككىگە ئۆمرە قىلغىلى كىرىپ چۈش كۆرگەن، شۇڭا ساھابىلىرى بىلەن ئۆمرە قىلىش ئۈچۈن مەككىگە قاراپ يولغا چىققان.

**158.سوئال:** پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن ئۆمرە قىلىش ئۈچۈن يولغا چىققان مۇسۇلمانلارنىڭ سانى قانچە؟

**جاۋاب:** 1400 ساھابە.

**159.سوئال:** قۇرەيش مۇشرىكلىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە ساھابىلەرنىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ قانداق قىلغان؟

**جاۋاب:** قۇرەيش مۇشرىكلىرى مۇسۇلمانلارنى بەيتۇللاھقا يېقىن يولاتماسلىقنى قارار قىلىشقان ۋە خالىد ئىبنى ۋەلىد قوماندانلىقىدا 200 كىشىلىك قوشۇن تەشكىللەپ، مۇسۇلمانلارنىڭ يولىنى توسۇشقا ئاتلانغان.

**160.سوئال:** پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھۇدەيبىيەگە كەلگەندە، نېمە ئۈچۈن يولىنى داۋاملاشتۇرماي، توختىۋالغان؟

**جاۋاب:** پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قەسۋا ئىسىملىك تۆگىسى ھۇدەيبىيەگە كەلگەندە چۆكۈۋالغان. ساھابىلەر شۇنچە ئۇرۇنۇپ باققان بولسىمۇ، تۆگىنى ئورنىدىن تۇرغۇزالمىغان. ئەسلىدە بۇنىڭدا ئاللاھ تائالانىڭ ھېكمىتى بار ئىدى.

**161.سوئال:** پەيغەمبەر ئەلەيهسسالام خالىدنىڭ قوشۇنى بىلەن ئۇچرىشىپ قالماسلىق ئۈچۈن قانداق قىلغان؟

**جاۋاب:** ھەرەمگە بارىدىغان چوڭ يول بىلەن ماڭماي، باشقا بىر يول بىلەن مېڭىپ، ھۇدەيبىيەگە چۈشكەن.

**162.سوئال:** پەيغەمبەر ئەلەيهسسالام ھۇدەيبىيەگە چۈشكەندىن كېيىن، قۇرەيشلەر قانداق قىلغان؟

**جاۋاب:** مەككىگە كېلىشتىكى مەقسىتىنى بىلىپ بېقىش ئۈچۈن ئەلچى ئەۋەتكەن.

**163.سوئال:** پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قۇرەيش ئەلچىلىرىگە نېمە دەپ جاۋاب بەرگەن؟

**جاۋاب:** ئۇلارنى ئۈچ تۈرلۈك ئىشنىڭ بىرىنى قوبۇل قىلىشقا چاقىرغان:

بىرىنچى: كېلىشىم تۈزۈش ۋە قۇرەيشلەرنىڭ ئىسلامىي دەۋەتكە توسقۇنلۇق قىلماسلىقى.

ئىككىنچى: باشقىلار ئىسلامنى قوبۇل قىلغاندەك، قۇرەيشلەرنىڭمۇ ئىسلامنى قوبۇل قىلىشى.

ئۈچىنچى: ناۋادا يۇقىرىقىلاردىن ھېچبىرىنى قوبۇل قىلمىسا، ئۇرۇش قىلىش.

**164.سوئال:** رىزۋان بەيئىتىنىڭ سەۋەبى نېمە؟

**جاۋاب:** پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئوسمان ئىبنى ئەففان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى قۇرەيشلەرگە مۇسۇلمانلارنىڭ مەككىگە كېلىشتىكى مەقسىتىنى ئۇقتۇرىدىغان ئەلچى قىلىپ ئەۋەتكەن. لېكىن، قۇرەيشلەر ئوسماننى سولاپ قويغان. ئەتراپتا «ئوسمان ئۆلتۈرۈلۈپتۇ» دېگەن خەۋەر تارقالغان. شۇنىڭ بىلەن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قىساسىنى ئېلىش ئۈچۈن ساھابىلەردىن ئۆلگۈچە ئۇرۇش قىلىش توغرىسىدا بەيئەت ئالغان.

**165.سوئال:** مۇسۇلمانلار ھۇدەيبىيەدە قانچە كۈن تۇرغان؟

**جاۋاب:** ئون نەچچە كۈن تۇرغان، 20 كۈن تۇرغان دەيدىغان رىۋايەتمۇ بار.

**166.سوئال:** كېلىشىم تۈزۈش ئۈچۈن قۇرەيشلەر قانداق شەرتلەرنى قويغان؟

**جاۋاب:** ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بۇ يىل ساھابىلىرىنى قايتۇرۇپ كېتىپ، ئۆمرە قىلىش ئۈچۈن كېلەركى يىلى كېلىشنى شەرت قىلغان.

**167.سوئال:** هۇدەيبىيە كېلىشىمنامىسىنىڭ ماددىلىرى قايسى؟

**جاۋاب:** هۇدەيبىيە كېلىشىمنامىسىنىڭ ماددىلىرى تۆۋەندىكىچە:

بىرىنچى: بۇ يىل پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلىرى بىلەن مەككىگە كىرمەي، قايتىپ كېتىپ، كېلەر يىلى قايتا كېلىدۇ.

ئىككىنچى: ھەرقانداق كىشى ياكى قەبىلە ئىككى تەرەپتىن خالىغان بىرى بىلەن ئىتتىپاقداش بولسا بولىدۇ.

ئۈچىنچى: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا قۇرەيشلەردىن مۇسۇلمان بولۇپ كەلگەنلەر قۇرەيشلەرگە قايتۇرۇلىدۇ، ئەمما مۇسۇلمانلاردىن قۇرەيشلەرنىڭ يېنىغا بارغانلار قايتۇرۇلمايدۇ.

تۆتىنچى: ئىككى تەرەپ ئارىسىدا 10 يىلغىچە ئۇرۇش توختىتىلىدۇ.

**168.سوئال:** پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇشرىكلاردىن مۇسۇلمان بولغان بىرىنى مۇشرىكلارغا قايتۇرۇپ بەرگەن. ئۇ كىم ئىدى؟

**جاۋاب:** ئۇ ئۇتبە ئىبنى ئۇسەيد بولۇپ، مۇشرىكلار ئۇنى مۇسۇلمان بولغانلىقى ئۈچۈن قاماپ قويغان. لېكىن، ئۇ دىنىنى قوغداپ قېلىش ئۈچۈن قېچىپ، مەدىنىگە بېرىۋالغان.

**169.سوئال:** ھۇدەيبىيە كېلىشىمىدىن كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نېمە ئىشلارنى قىلغان؟

**جاۋاب:** ئەرەب يېرىم ئارىلىدىكى ھوقۇقدارلارنى ۋە قوشنا دۆلەتلەرنىڭ پادىشاھلىرىنى ئىسلامغا چاقىرىپ مەكتۇپ ئەۋەتكەن.

**170.سوئال:** پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نېمە ئۈچۈن مەخسۇس مۆھۈر قوللانغان؟ ئۇنىڭ شەكلى قانداق ئىدى؟

**جاۋاب:** ئەينى چاغدىكى پادىشاھلار مۆھۈرسىز مەكتۇپلارنى قوبۇل قىلمايتتى، شۇڭا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كۈمۈشتىن بىر مۆھۈر ياسىتىپ، ئۇنىڭغا «محمد رسول الله (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى)» دېگەن خەتنى نەقىشلەتكەن.

**171.سوئال:** پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قاچان پادىشاھلارنى ئىسلامغا دەۋەت قىلىپ مەكتۇپ ئەۋەتكەن؟

**جاۋاب:** ھىجرىيە 7 - يىلى مۇھەررەم ئېيىدا.

**172.سوئال:** پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام پادىشاھ ۋە ئەمەلدارلاردىن كىملەرگە مەكتۇپ ئەۋەتكەن؟

**جاۋاب:** ھەبەشىستان پادىشاھى نەجاشىي، مىسىر پادىشاھى مۇقەۋقىس، فارس پادىشاھى كىسرا، رۇم پادىشاھى قەيسەر، ئۇممان پادىشاھى جەيفەر، بەھرەيىن ھاكىمى مۇنزىر، يەمامە رەئىسى ھەۋزە، دەمەشق ۋالىيسى ھارىس قاتارلىقلارغا مەكتۇپ ئەۋەتكەن.

**173.سوئال:** خەيبەر غازىتى قاچان بولغان؟

**جاۋاب:** ھىجرىيە 7 -يىلى مۇھەررەم ئېيىدا بولغان.

**174.سوئال:** خەيبەر غازىتىنىڭ ئاساسىي سەۋەبى نېمە؟

**جاۋاب:** يەھۇدىيلار مۇسۇلمانلارغا ئىزچىل سۇيىقەست پىلانلىغان، ئالدامچىلىق قىلغان، خىيانەت قىلغان، ئەھدىسىنى بۇزغان. شۇڭا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ ئەدىپىنى بېرىپ قويماقچى بولۇپ، خەيبەر غازىتىغا چىققان.

**175.سوئال:** خەيبەر غازىتىغا قاتناشقان مۇسۇلمانلارنىڭ سانى قانچە؟

**جاۋاب:** 1400 نەپەر.

**176.سوئال:** پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا خەيبەردە بارگاھ قۇرۇش ئۈچۈن ئەڭ مۇناسىپ جاينى كۆرسەتكەن ساھابە كىم؟

**جاۋاب:** ھۇباب ئىبنى مۇنزىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ.

**177.سوئال:** خەيبەر غازىتىنىڭ بايراقدارى كىم؟

**جاۋاب:** ئەلى ئىبنى ئەبى تالىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ.

**178.سوئال:** خەيبەردىكى يەھۇدىيلارنىڭ قانچە سىپىلى بار ئىدى؟

**جاۋاب:** سەككىز سىپىلى بار ئىدى.

**179.سوئال:** خەيبەر غازىتىنىڭ نەتىجىسى قانداق بولغان؟

**جاۋاب:** سىپىللارنىڭ بىر قىسمى ئۇرۇش ئارقىلىق پەتھە قىلىنغان، يەنە بىر قىسمى تىنىچ يول بىلەن پەتھە قىلىنغان، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن يەھۇدىيلار ئارىسىدا كېلىشىم تۈزۈلگەن.

**180.سوئال:** خەيبەردە شېھىت بولغان مۇسۇلمانلارنىڭ سانى قانچە؟ ئۆلتۈرۈلگەن يەھۇدىيلارنىڭ سانىچۇ؟

**جاۋاب:** خەيبەردە 19-16 ئارىسىدا مۇسۇلمان شېھىت بولغان، يەھۇدىيلاردىن 93 كىشى ئۆلتۈرۈلگەن.

**181.سوئال:** ھەبەشىستاندىن خەيبەرگە يەنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كېلىپ، ئۇنى خۇشال قىلىۋەتكەن ساھابە كىم؟

**جاۋاب:** جەئفەر ئىبنى ئەبى تالىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ. ئۇ ھەبەشىستاندا ئون نەچچە يىل تۇرغاندىن كېيىن خەيبەرگە كەلگەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى كۆرۈپ ئورنىدىن تۇرۇپ، قۇچاقلاپ پېشانىسىگە سۆيۈپ تۇرۇپ: «ئىككى ئىشنىڭ قايسىسىغا بەكرەك خۇشال بولۇشنى بىلەلمىدىم، خەيبەرنىڭ پەتھىسىگىمۇ ياكى جەئفەرنىڭ كەلگىنىگىمۇ؟» دېگەن.

**182.سوئال:** زاتۇررىقا غازىتى قاچان بولغان؟

**جاۋاب:** ھىجرىيە 7 - يىلى.

**183.سوئال:** زاتۇررىقا غازىتىنىڭ ئاساسى مەقسىتى نىمە؟

**جاۋاب:** يول توسۇپ قاراقچىلىق قىلىدىغان ۋە دائىم مۇسۇلمانلارغا تۇزاق قۇرۇپ كېلىۋاتقان تاغلىق ئەرەبلەرنى ئەدەپلەپ قويۇش.

**184.سوئال:** زاتۇررىقا غازىتىغا قاتناشقان مۇسۇلمانلارنىڭ سانى قانچە ئىدى؟

**جاۋاب:** زاتۇررىقا غازىتىغا 400 ياكى 700 نەپەر مۇجاھىد قاتناشقان.

**185.سوئال:** زاتۇررىقا غازىتىنىڭ نەتىجىسى قانداق بولغان؟

**جاۋاب:** غەتەفان قەبىلىسى بىلەن ئىتتىپاق ئورنىتىلىپ، تىنچلىق بىتىمى تۈزۈلگەن.

**186.سوئال:** پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە ساھابىلەر ئۆمرەنىڭ قازاسىنى قىلىش ئۈچۈن قاچان يولغا چىققان؟

**جاۋاب:** ھىجرىيە 7 - يىلى زۇلقەئىدە ئېيىدا.

**187.سوئال:** بۇ قېتىم ئۆمرە قىلىش ئۈچۈن چىققان مۇسۇلمانلارنىڭ سانى قانچە ئىدى؟

**جاۋاب:** مۇسۇلمانلار 2000 كىشى بولۇپ، ئالدىنقى يىلى ھۇدەيبىيەدىن قايتىپ كەلگەن مۇسۇلمانلاردىن ئۆلۈپ كەتكەن ياكى شېھىت بولغانلىرىدىن باشقا ھەممىسى بار ئىدى.

**188.سوئال:** پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆمرە قىلغانــدا مەككىــدە قانچــە كــۈن تۇرغــان؟

**جاۋاب:** ئۈچ كۈن تۇرغان.

**189.سوئال:** بۇ قېتىمقى ئۆمرە نېمىشقا «قازا ئۆمرەسى» دەپ ئاتالغان؟

**جاۋاب:** چۈنكى، بۇ ئۆمرە مۇسۇلمانلار ھۇدەيبىيەدە توسۇلۇپ قىلىپ تاماملىيالماي، قازاسى قىلىنغان ئۆمرە بولغانلىقى ئۈچۈن شۇنداق ئاتالغان.

**190.سوئال:** مۇئتە غازىتى قاچان بولغان؟

**جاۋاب:** ھىجرىيە 8 - يىلى جۇمادىيەلئۇلا ئېيىدا بولغان.

**191.سوئال:** مۇئتە غازىتىنىڭ سەۋەبى نېمە؟

**جاۋاب:** رىم ئەمەلدارى شۇرەھبىلنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەلچىسى ھارىسنى ئۆلتۈرۈۋېتىشى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇئتە غازىتىغا ئاتلىنىشىغا سەۋەب بولغان.

**192.سوئال:** مۇئتە غازىتىغا قاتناشقان مۇسۇلمانلارنىڭ سانى قانچە؟ رۇم ۋە ئۇنىڭ ئىتتىپاقداش قوشۇنلىرىنىڭ سانىچۇ؟

**جاۋاب:** مۇسۇلمانلارنىڭ سانى 3000 نەپەر، رىملىقلار ۋە ئۇلارنىڭ قوللىغۇچىلىرىنىڭ سانى جەمئىي 12 مىڭ نەپەر.

**193.سوئال:** مۇئتە قوشۇنىنىڭ قوماندانى كىم؟

**جاۋاب:** مۇئتە قوشۇنىنىڭ دەسلەپكى قوماندانى زەيد ئىبنى ھارىسە. زەيد شېھىت بولغاندا جەئفەر ئىبنى ئەبى تالىب، ئۇمۇ شېھىت بولغاندا ئابدۇللاھ ئىبنى رەۋاھە قوماندان بولغان.

**194.سوئال:** پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تەيىنلىگەن يۇقىرىقى ئۈچ قوماندان شېھىت بولغاندىن كېيىن، مۇسۇلمانلار قوشۇنىغا كىم قوماندانلىق قىلغان؟

**جاۋاب:** خالىد ئىبنى ۋەلىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ قوماندانلىق قىلغان.

**195.سوئال:** مۇئتە غازىتىنىڭ نەتىجىسى قانداق بولغان؟

**جاۋاب:** مۇسۇلمانلار قوشۇنى رىملىقلارغا ئېغىر تالاپەت يەتكۈزگەندىن كېيىن، ئۇرۇشتىن چېكىنىپ قايتىپ كەتكەن.

**196.سوئال:** مۇئتە غازىتىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا قانداق مۆجىزىلەر بېرىلگەن؟

**جاۋاب:** پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنىدە تۇرۇپ، جەڭ مەيدانىنى خۇددى نەق مەيداندا بار كىشىدەك كۆرۈپ تۇرغان ۋە يېنىدىكى ساھابىلىرىگە سۆزلەپ بەرگەن.

**197.سوئال:** پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نېمىشقا مەككىنى پەتھە قىلىشنى نىيەت قىلغان؟

**جاۋاب:** چۈنكى، قۇرەيشلەر ھۇدەيبىيە شەرتنامىسىنىڭ بىر ماددىسىغا خىلاپلىق قىلغان يەنى بەنى بەكرى قەبىلىسى شەرتنامىگە خىلاپ ھالدا خۇزائە قەبىلىسىگە تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلغان.

**198.سوئال:** قۇرەيشلەر ئەھدىنى بۇزۇشتىن كېلىپ چىقىدىغان ئاقىۋەتلەرنى ھېس قىلىپ، قانداق يول تۇتقان ۋە نەتىجىسى قانداق بولغان؟

**جاۋاب:** قۇرەيشلەر دەرھال كېڭەش يىغىنى چاقىرىپ، ئەبۇ سۇفياننى ئەھدىنى يېڭىلاپ كېلىش ئۈچۈن مەدىنىگە يولغا سالغان، ئەمما نەتىجىسىز قايتىپ كەتكەن.

**199.سوئال:** مەككە پەتھىسىگە قاتناشقان مۇسۇلمانلارنىڭ سانى قانچە؟

**جاۋاب:** تەخمىنەن 10 مىڭ ساھابە قاتناشقان.

**200.سوئال:** پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەككە ئاھالىسىگە ئامانلىق قىلىپ بەرگەن ئۈچ ئورۇن قايسى؟

**جاۋاب:** ئەبۇ سۇفياننىڭ قورۇسى، سىرتقا چىقماي، ئىشىكلىرىنى تاقاپ ئولتۇرۇۋالغانلارنىڭ ئۆيلىرى ۋە مەسجىدى ھەرەم.

**201.سوئال:** پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەككىگە كىرىدىغان قوشۇننى قانداق تەرتىپكە سالغان؟

**جاۋاب:** ئۈچ بۆلەككە بۆلگەن:

بىرىنچى بۆلىكى خالىد ئىبنى ۋەلىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قوماندانلىقىدا مەككىنىڭ تۆۋەنكى قىسمىدىن كىرىدۇ.

ئىككىنچى بۆلىكى زۇبەير ئىبنى ئەۋۋام رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قوماندانلىقىدا مەككىنىڭ ئۈستۈنكى تەرىپىدىن كىرىدۇ.

ئۈچىنچى بۆلىكى ئەبۇ ئۇبەيدە ئىبنى جەرراھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قوماندانلىقىدا نورمال يولدىن كىرىدۇ.

**202.سوئال:** پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەككىگە كىرىپ تۇنجى بولۇپ نېمە ئىش قىلغان؟

**جاۋاب:** مەسجىدى ھەرەمگە كىرىپلا بەيتۇللاھنى تاۋاپ قىلغان. ئاندىن قولىدىكى ياچاق بىلەن بەيتۇللاھنىڭ ئەتراپىدىكى بۇتلارنى نوقۇشقا باشلىغان. بۇتلار بىر - بىرلەپ يىقىلغان.

**203.سوئال:** پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەككىنى پەتھى قىلغان كۈنى مەككە ئاھالىسىگە: «سىلەر مېنى نېمە قىلىدۇ دەپ ئويلايسىلەر؟» دېگەندە، قۇرەيشلەر نېمە دەپ جاۋاب بەرگەن؟

**جاۋاب:** قۇرەيشلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا: «سېنى بىزگە ياخشىلىق قىلىدۇ دەپ ئويلايمىز، سەن ئالىيجاناب قېرىندىشىمىزنىڭ ئوغلى، ئالىيجاناب قېرىندىشىمىزسەن» دېگەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا: «قايتىپ كېتىڭلار، ھەممىڭلار ئازادسىلەر!» دېگەن.

**204.سوئال:** پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەككە پەتھىسىنىڭ ئىككىنچى كۈنى نېمە ئىشلارنى قىلغان؟

**جاۋاب:** مەككە خەلقىنى يىغىپ نۇتۇق سۆزلىگەن، ئاندىن ئەر - ئايال ھەممىسىدىن ئىتائەت قىلىشقا بەيئەت ئالغان.

**205.سوئال:** پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام پەتھدىن كېيىن مەككىدە قانچە كۈن تۇرغان؟ بۇ جەرياندا نېمە ئىشلارنى قىلغان؟

**جاۋاب:** 16 كۈن تۇرغان، بۇ جەرياندا كىشىلەرگە ئىسلامغا ئالاقىدار مۇھىم تەلىماتلارنى بەرگەن، توغرا يولنى ئۆگەتكەن، بۇتلارنى چېقىشقا بۇيرۇغان.

**206.سوئال:** پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قۇرەيشلەرنىڭ ئەڭ چوڭ بۇتلىرىنى چېقىش ئۈچۈن ئەۋەتكەن ساھابىلەر كىملەر؟

**جاۋاب:** خالىد ئىبنى ۋەلىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى «ئۇززا» ئىسىملىك بۇتنى چېقىشقا، ئەمرى ئىبنى ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى «سۇۋائ» ئىسىملىك بۇتنى چېقىشقا، سەئد ئىبنى زەيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى «مەنات» ئىسىملىك بۇتنى چېقىشقا ئەۋەتكەن.

**207.سوئال:** مەككە قاچان پەتھ بولغان؟

**جاۋاب:** ھىجرىيە 8 - يىلى رامىزان ئېيىدا پەتھ بولغان.

**208.سوئال:** هۇنەين غازىتى قاچان بولغان؟

**جاۋاب:** ھىجرىيە 8 - يىلى شەۋۋال ئېيىدا بولغان.

**209.سوئال:** هۇنەين غازىتىنىڭ سەۋەبى نېمە؟

**جاۋاب:** ئىسلامغا قارشى بىر قىسىم هاكاۋۇر قەبىلىلەر بىرلىشىپ مۇسۇلمانلارغا قارشى ئۇرۇش قىلىش ئۈچۈن يولغا چىققان. شۇ سەۋەبتىن، هۇنەين غازىتى يۈز بەرگەن.

**210.سوئال:** مۇسۇلمانلار بىلەن ئۇرۇشقان ئاساسىي قەبىلىلەر قايسىلار؟ ئۇلارنىڭ قوماندانى كىم؟

**جاۋاب:** ھەۋازىن قەبىلىسى ۋە سەقىف قەبىلىسى. ئۇلارنىڭ قوماندانى مالىك ئىبنى ئەۋف.

**211.سوئال:** هۇنەين غازىتىغا قاتناشقان مۇسۇلمانلارنىڭ سانى قانچە؟

**جاۋاب:** 12 مىڭ نەپەر مۇجاهىد.

**212.سوئال:** ھۇنەيىن جىلغىسىغا كىرگەندە مۇسۇلمانلار نىمە سەۋەبتىن چېكىنىپ قاچقان؟

**جاۋاب:** مالىك ئىبنى ئەۋف بۆكتۈرمىگە قويغان مۇشرىكلار جىلغىغا كىرگەن مۇسۇلمانلارغا ئۇشتۇمتۇت يامغۇردەك ئوق ياغدۇرۇشقا باشلىغان. كۈتۈلمىگەن ھۇجۇمدىن چۆچۈپ كەتكەن مۇسۇلمانلار ئالاقزادە بولۇپ، قېچىشقا مەجبۇر بولغان.

**213.سوئال:** پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قانداق قىلىپ تىرىپىرەن بولۇپ كەتكەن مۇسۇلمانلارنى جەملەپ، قايتىدىن ئۇرۇشقا ئېلىپ كىرگەن؟

**جاۋاب:** تاغىسى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى چېچىلىپ كەتكەن ساھابىلەرنى چاقىرىشقا بۇيرۇغان. ئۇلار يىغىلغاندىن كېيىن، تۆگىسىنىڭ ئالدىنى دۈشمەن تەرەپكە قارىتىپ: «مەن پەيغەمبەرمەن، يالغانچى ئەمەسمەن، مەن ئابدۇلمۇتتەلىبنىڭ ئوغلىمەن» دېگەن. شۇنىڭ بىلەن، مۇسۇلمانلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەتراپىغا ئولاشقان.

**214.سوئال:** مۇسۇلمانلار جەڭ مەيدانىغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام قانداق قىلغان؟

**جاۋاب:** پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام زېمىندىن بىر چاڭگال توپا ئېلىپ، دۈشمەنلەرنىڭ يۈزىگە قارىتىپ ئاتقان. ئالالاھنىڭ قۇدرىتى بىلەن دۈشمەنلەردىن ھېچكىم قالماي كۆزلىرىگە توپا كىرىپ كەتكەن.

**215.سوئال:** ھۇنەيىن غازىتىنىڭ نەتىجىسى قانداق بولغان؟

**جاۋاب:** پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام كاپىرلارغا بىر چاڭگال توپا ئاتقاندىن كېيىن، ئۇلار ئۇزۇن ئۆتمەيلا چېكىنىپ قاچقان. مۇسۇلمانلار ئۇلاردىن نۇرغۇن ئولجا - غەنىيمەتلەرنى ئالغان.

**216.سوئال:** تائىف غازىتىنىڭ سەۋەبى نېمە؟

**جاۋاب:** تائىف غازىتى ھۇنەين غازىتىنىڭ داۋامى ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى، ھۇنەين غازىتىدا يېڭىلگەن ھەۋازىن ۋە سەقىف قەبىلىلىرىنىڭ قالدۇق كۈچلىرى تائىفقا بېرىپ پاناھلانغان ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنى مۇھاسىرىگە ئېلىش ئۈچۈن قوشۇن باشلاپ كېلىپ، شۇ يەردە ئۇرۇش قىلغان.

**217.سوئال:** سېپىل ئىچىگە پاناھلىنىۋالغان دۈشمەنلەر مۇسۇلمانلارنىڭ سېپىل ئىچىگە كىرىشىنى توسۇش ئۈچۈن قانداق ۋاسىتىلەرنى قوللانغان؟

**جاۋاب:** مۇسۇلمانلارغا ئوق ياغدۇرغان، ئۇلارنىڭ ئالغا ئىلگىرىلىشىنى توسۇش ئۈچۈن، قىزىتىلغان تۆمۈر پارچىلىرىنى ئاتقان.

**218.سوئال:** تائىف غازىتىنىڭ نەتىجىسى قانداق بولغان؟

**جاۋاب:** سېپىلغا پاناھلىنىۋالغانلاردىن بىر قىسمى تەسلىم بولغان، يەنە بىر قىسمى سېپىلدىن چىقماي تۇرۇۋالغان. شۇنىڭ بىلەن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قوشۇن چېكىندۈرۈپ، مۇھاسىرىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشنى قارار قىلغان.

**219.سوئال:** پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تائىف ئاھالىسىدىن مۇھاسىرىنى ئەمەلدىن قالدۇرغاندىن كېيىن، نېمە ئىش قىلغان؟

**جاۋاب:** جىئرانە دېگەن جايغا قايتىپ، شۇ يەردە مۇسۇلمانلار ھۆنەيىن غازىتىدا قولغا چۈشۈرگەن غەنىيمەتلەرنى تەقسىم قىلغان.

**220.سوئال:** پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام غەنىيمەتنىڭ كۆپ قىسمىنى كىملەرگە بەرگەن؟

**جاۋاب:** قۇرەيشلەرگە ۋە يېڭىدىن مۇسۇلمان بولغان ئەئرابىيلارغا بەرگەن.

**221.سوئال:** ئەنسارلار پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامنىڭ ھۇنەيىن غازىتىدىكى غەنىيمەت تەقسىماتىغا قانداق پوزىتسىيە تۇتقان؟

**جاۋاب:** ئەنسارلار ئۆزلىرىچە ئادالەتسىز تەقسىمات دەپ ئويلاپ قېلىپ، بۇ تەقسىماتقا نارازى بولۇشقان، چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام ئۇلارغا غەنىيمەتتىن ھېچ نەرسە بەرمىگەن.

**222.سوئال:** پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام ئەنسارلارنىڭ نارازىلىقىنى بىلگەندىن كېيىن قانداق قىلغا ن ؟

**جاۋاب:** سەئد ئىبنى ئۇبادە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى ئەنسارلارنى يىغىشقا بۇيرۇغان. ئەنسارلار يىغىلىپ بولغاندا: «باشقىلار ئۆيلىرىگە قوي، تۆگىلەرنى ئېلىپ كەتسە، سىلەر ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىنى ئېلىپ قايتساڭلار، بۇنىڭغا رازى بولامسىلەر؟!» دېگەن. شۇنىڭ بىلەن، ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامنىڭ بۇ تەقسىماتىدىن ئىنتايىن مەمنۇن بولغان.

**223.سوئال:** تەبۇك غازىتى قاچان بولغان؟

**جاۋاب:** ھىجرىيە 9 - يىلى رەجەب ئېيىدا بولغان.

**224.سوئال:** تەبۇك غازىتىنىڭ سەۋەبى نېمە؟

**جاۋاب:** پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام رىملىقلارنىڭ ئىتتىپاقداش قەبىلىلەرنى باشلاپ مۇسۇلمانلارغا قارشى ئۇرۇش قىلىش ئۈچۈن يولغا چىققانلىق خەۋىرىنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن، ئۇلار مۇسۇلمانلارنىڭ دىيارىغا بېسىپ كېلىشتىن بۇرۇن، ئۆز ئېلىنىڭ چېگراسىدىن چىقىپ بولغۇچە ھۇجۇم قىلىش مەقسىتىدە قوشۇن توپلاپ يولغا چىققان.

**225.سوئال:** تەبۇك غازىتى ئۈچۈن جەڭ تەييارلىقى قىلىشقا كىم ئەڭ چوڭ ھەسسە قوشقان؟

**جاۋاب:** ئوسمان ئىبنى ئەففان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ.

**226.سوئال:** پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام شۇ چاغدا ئوسمان توغرىسىدا نىمە دىگەن؟

**جاۋاب:** پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىنتايىن خۇشال بولۇپ مۇنداق دىگەن: «بۈگۈندىن ئېتىبارەن ئوسمان قىلغان ئىش ئۇنىڭغا زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ يەنى بۈگۈندىن ئېتىبارەن ئوسمان قىلغان گۇناھ تارازا - مىزاندا ئۇنىڭ ياخشىلىقلىرىنى بېسىپ چۈشەلمەيدۇ».

**227.سوئال:** تەبۇك غازىتىغا قاتناشقان مۇسۇلمانلارنىڭ سانى قانچە؟ رىملىقلارنىڭ سانىچۇ؟

**جاۋاب:** مۇسۇلمانلارنىڭ سانى 30 مىڭ، رىملىقلارنىڭ سانى 40 مىڭ.

**228.سوئال:** تەبۇك غازىتىغا قاتناشقان مۇسۇلمانلار قوشۇنى نىمە دەپ ئاتالغان؟

**جاۋاب:** «جەيشۇل ئۇسرە (جاپاكەش قوشۇن)» دەپ ئاتالغان.

**229.سوئال:** تەبۇك غازىتى قانداق نەتىجە بىلەن ئاخىرلاشقان؟

**جاۋاب:** ئىتتىپاقداش رىم قوشۇنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ زور قوشۇن بىلەن ئۆزلىرى تەرەپكە كېلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ، ناھايىتى قورقۇپ كەتكەن ۋە ئالغا ئىلگىرىلەشكە جۈرئەت قىلالماي، تەرەپ - تەرەپكە تارقىلىپ كەتكەن. شۇنىڭ بىلەن، مۇسۇلمانلار قوشۇنى ئۇرۇش قىلمايلا، مەدىنىگە قايتىپ كەلگەن.

**230.سوئال:** تەبۇك غازىتى توغرىسىدا توختالغان سۈرە قايسى؟

**جاۋاب:** تەۋبە سۈرىسى.

**231.سوئال:** پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋىدالىشىش ھەججىنى قاچان قىلغان؟

**جاۋاب:** ھىجرىيە 10 - يىلى.

**232.سوئال:** ۋىدالىشىش ھەججىگە قاتناشقان مۇسۇلمانلارنىڭ سانى قانچە؟

**جاۋاب:** 124 مىڭ.

**233.سوئال:** پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا جەڭگە تەييارلىغان قوشۇن قايسى ۋە قاچان تەييارلىغان؟

**جاۋاب:** ئۇسامە ئىبنى زەيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قوماندانلىقىدىكى قوشۇن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ قوشۇننى ھىجرىيە 11 - يىلى تەييارلىغان.

**234.سوئال:** پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇسامە ئىبنى زەيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ قوماندانلىقىدىكى بۇ قوشۇننى تەييارلاشتىكى ئاساسىي مەقسىتى نىمە؟

**جاۋاب:** رىملىقلارنى قورقۇتۇپ، ھەيۋىسىنى يەرگە ئۇرۇش، مۇسۇلمانلارنى ئۇمىدۋار قىلىش ۋە ئىشەنچ تۇرغۇزۇش.

**235.سوئال:** ئۇسامە ئىبنى زەيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ قوماندانلىقىدىكى قوشۇننىڭ يولغا چىقىشى نىمە سەۋەبتىن كېچىكىپ قالغان؟

**جاۋاب:** پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كېسىلى تۈپەيلى مۇسۇلمانلارنىڭ كۆڭلى قاتتىق يېرىم بولۇپ، قوللىرى ئىشقا بارماي، كېچىكىپ قالغان.

**236.سوئال:** مۇسۇلمانلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاپاتىنىڭ يېقىنلاشقانلىقىنى قايسى ئالامەتلەردىن بىلگەن؟

**جاۋاب:** تۆۋەندىكى ئالامەتلەردىن بىلگەن:

بىرىنچى: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام شۇ يىلى رامىزاندا 20 كۈن ئېتىكاپتا ئولتۇرغان، ھالبۇكى ئۇندىن ئىلگىرى 10 كۈندىن كۆپ ئېتىكاپتا ئولتۇرمايتتى.

ئىككىنچى: ئۇ يىلى رامىزاندا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام جىبرىئىل ئەلەيھىسسالامغا قۇرئان كەرىمنى باشتىن - ئاخىر ئىككى قېتىم تىڭشاتقان. ئىلگىرى پەقەت بىر قېتىملا تىڭشىتاتتى.

ئۈچىنچى: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋىدالىشىش ھەجىدە: «بەلكىم بۇندىن كېيىن ئۇچرىشالماسلىقىمىز مۇمكىن» دەپ شۇ ھەجنىڭ ئاخىرقى ھەجى بولۇپ قېلىش ئېھتىماللىقىنى ئۇقتۇرغان.

**237.سوئال:** پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كېسىلى قاچاندىن باشلاپ ئېغىرلاشقان؟

**جاۋاب:** ھىجرىيە 11 - يىلى سەپەر ئېيىدا بەقىئ قەبرىستانلىقىدىن قايتقاندىن باشلاپ.

**238.سوئال:** پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كېسىلىنىڭ دەسلەپكى ئالامەتلىرى قايسى؟

**جاۋاب:** بېشى قاتتىق ئاغرىش، پات - پات قىزىتمىسى ئۆرلەپ كېتىش.

**239.سوئال:** پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كېسەللىك مەزگىلىدە قەيەردە كۈتۈنۈشنى ئارزۇ قىلغان؟

**جاۋاب:** ئايالى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ ئۆيىدە.

**240.سوئال:** پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزىنىڭ ئورنىدا كىمنى ناماز ئوقۇپ بېرىشكە تەيىنلىگەن؟

**جاۋاب:** ئۇلۇغ ساھابە ئەبۇ بەكرى سىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى تەيىنلىگەن.

**241.سوئال:** پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قاچان پانىي ئالەم بىلەن خوشلىشىپ، باقىي ئالەمگە سەپەر قىلغان؟

**جاۋاب:** ھىجرىيە 11 - يىلى رەبىئۇلئەۋۋەل ئېينىڭ 12 - كۈنى، دۈشەنبە.

**242.سوئال:** پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قانچە ياشتا ۋاپات بولغان؟

**جاۋاب:** 63 يېشىدا ۋاپات بولغان.

**243.سوئال:** پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئۇنى كىملەر يۇيۇپ - تارىغان؟

**جاۋاب:** ئاببas، ئەلى، ئابباسنىڭ ئىككى ئوغلى پەزل بىلەن قۇسەم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئازادگەردىسى شەقران، ئۇسامە ئىبنى زەيد، ئەۋس ئىبنى خەۋلىي قاتارلىقلار... ئاللاھ ئۇلاردىن رازى بولسۇن!

**244.سوئال:** پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام قاچان، قەيەرگە دەپنە قىلىنغان؟

**جاۋاب:** پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام رەبىيئۇلئەۋۋەل ئېيىنىڭ 14 - كۈنى، چارشەنبە كېچىسى، ۋاپات بولغان جايى ھەزرىتى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ ئۆيىگە دەپنە قىلىنغان.

HAK
HAKSEVER
ھەقسۆيەر

# پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ

# تەرجىمىھالىغا ئائىت ئۇنىۋېرسال

# سوئال – جاۋابلار

HAK
HAKSEVER
ھەقسۆيەر

**245.سوئال:** پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ قانچە كۆيئوغلى بار؟ ئۇلار كىملەر؟

**جاۋاب:** پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ ئۈچ كۆيئوغلى بار بولۇپ، ئۇلار: زەينەب رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ ئېرى ئەبۇلئاس، رۇقىيە ۋە ئۇممۇ كۇلسۇم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ ئېرى ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، پاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ ئېرى ئەلى ئىبنى ئەبى تالىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ قاتارلىقلار.

HAKSEVER
ھەقسۆيەر

**246.سوئال:** پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ قانچە ئايالنى ئەمرىگە ئالغان؟

**جاۋاب:** 13 ئايالنى ئەمرىگە ئالغان، ئۇلار: ھەزرىتى خەدىچە رەزىيەللاھۇ ئەنھا، ھەزرىتى سەۋدە رەزىيەللاھۇ ئەنھا، ھەزرىتى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا، ھەزرىتى ھەفسە رەزىيەللاھۇ ئەنھا، ھەزرىتى زەينەب بىنتى خۇزەيمە رەزىيەللاھۇ ئەنھا، ھەزرىتى ئۇممۇ سەلەمە رەزىيەللاھۇ ئەنھا، ھەزرىتى زەينەب بىنتى جەھش رەزىيەللاھۇ ئەنھا، ھەزرىتى رەيھانە رەزىيەللاھۇ ئەنھا، ھەزرىتى جۇۋەيرىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھا، ھەزرىتى ئۇممۇ ھەبىبە رەزىيەللاھۇ ئەنھا، ھەزرىتى سەفىييە رەزىيەللاھۇ ئەنھا، ھەزرىتى مارىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ۋە ھەزرىتى مەيمۇنە رەزىيەللاھۇ ئەنھا قاتارلىقلاردۇر.

**247.سوئال:** پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامنىڭ مۆجىزىلىرىدىن بەزىسىنى ئېيتىپ بېرەلەمسىز؟

**جاۋاب:** ئاينىڭ يېرىلىشى، ئىسرا ۋە مىراج، ئاز تائامنىڭ كۆپىيىشى ۋە مەڭگۈلۈك مۆجىزە قۇرئان كەرىم قاتارلىقلار پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامنىڭ بىر قىسىم مۆجىزىلىرىدۇر.

**248.سوئال:** «پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ شائىرى» دەپ نام ئالغان ساھابە كىم؟

**جاۋاب:** ھەسسان ئىبنى سابىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ.

**249.سوئال:** پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ سىردىشى كىم؟

**جاۋاب:** ھۇزەيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ.

**250.سوئال:** پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ تۆگىسىنىڭ ئىسمى نىمە؟

**جاۋاب:** قەسۋا.

**251.سوئال:** پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام قانچە قېتىم ھەج ۋە قانچە قېتىم ئۆمرە قىلغان؟

**جاۋاب:** بىر قېتىم ھەج، تۆت قېتىم ئۆمرە قىلغان.

**252.سوئال:** پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ ئىسىملىرىدىن بىرقانچىنى ئېيتىپ بېرەلەمسىز؟

**جاۋاب:** ئەھمەد، مۇھەممەد، ماھىي، ھاشىر، ئاقىب قاتارلىقلار پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ بەزى ئىسىملىرىدۇر.

**253.سوئال:** پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قانچە پەرزەنتى بار، ئىسىملىرى نىمە؟

**جاۋاب:** پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يەتتە پەرزەنتى بار بولۇپ، ئۇلار: ئابدۇللاھ، قاسىم، زەينەب، رۇقىيە، ئۇممۇ كۇلسۇم ۋە پاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھا قاتارلىقلاردۇر. بۇلارنىڭ ھەممىسى ھەزرىتى خەدىچە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن تۇغۇلغان. يەنە بىر ئوغلىنىڭ ئىسمى ئىبراھىم بولۇپ، ئۇ مارىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن تۇغۇلغان.

**254.سوئال:** پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاخىرقى ئۆمرىدە جەڭگە تەييارلىغان، ئەمما ۋاپاتىدىن كېيىن يولغا چىققان قوشۇن قايسى؟

**جاۋاب:** ئۇسامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ قوماندانلىقىدىكى قوشۇندۇر. بۇنداق ئاتىلىشىنىڭ سەۋەبى ئۇسامە ئىبنى زەيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بۇ قوشۇننىڭ قوماندانى ئىدى. شۇ چاغدا ئۇ ئەمدىلا 19 ياشتا ئىدى.

**255.سوئال:** پەيغەمبەر ئەلەيهسسالام ئوقۇش - يېزىشنى بىلەمتى؟ بۇنىڭ دەلىلچۇ؟

**جاۋاب:** ياق، پەيغەمبەر ئەلەيهسسالام ئوقۇش - يېزىشنى بىلمەيتتى، ساۋاتسىز ئىدى. بۇنىڭ دەلىلى ئاللاھ تائالانىڭ مۇنۇ سۆزىدۇر: (ئىلگىرى سەن كىتاب ئوقۇشنى بىلمەيتتىڭ، خەت يېزىشنىمۇ بىلمەيتتىڭ، (مۇبادا سەن كىتاب ئوقۇيالايدىغان، خەت يازالايدىغان بولساڭ ئىدىڭ)، ئۇ چاغدا ھەققە قارشى تۇرغۇچىلار چوقۇم گۇمانلىناتتى)، [ئەنكەبۇت سۈرىسى: 48].

**256.سوئال:** پەيغەمبەر ئەلەيهسسالامنىڭ ئۆزىدىن بۇرۇن ياكى كېيىن ئۆلۈپ كەتكەن پەرزەنتلىرى كىملەر؟

**جاۋاب:** پاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنهادىن باشقا ھەممە پەرزەنتى پەيغەمبەر ئەلەيهسسالام ھايات ۋاقتىدا ئۆلۈپ كەتكەن. پاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنها پەيغەمبەر ئەلەيهسسالام ۋاپات بولۇپ، ئالتە ئايدىن كېيىن بۇ دۇنيا بىلەن ۋىدالاشقان.

**257.سوئال:** پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نېمە ئۈچۈن خەدىچە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ھايات ۋاقتىدا ئۇنىڭدىن باشقا بىرى بىلەن ئۆيلەنمىگەن؟

**جاۋاب:** چۈنكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ خەدىچە رەزىيەللاھۇ ئەنھاغا بولغان ھۆرمىتى چوڭقۇر بولغاچقا، ئۇنىڭدىن باشقا بىرى بىلەن ئۆيلەنمىگەن.

تۈگىدى.

ئىستانبۇل، 16.12.2022

HAK
HAKSEVER
ھەقسۆيەر

